# ھەدىس ئىلمى

# ۋە

# مەزھەپ توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھەدىس ئىلمى ۋە مەزھەب توغرىسىدا

## ھەدىس ئىلمى ھەققىدە قىسقىچە بەزى بايانلار

جانابى ﷲقا چەكسىز ھەمدۇ- سانالار ئېيتىپ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك رەسۇلىغا چەكسىز سالاتۇ- سالام يوللايمىز.

ئالدى بىلەن جانابى ئەرھەمەرراھىمىندىن تىلەيمىزكى، بىزلەرنى دىن فىتنىسىدىن ساقلىسۇن، مەۋجۇت فىتنىلەرنى ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا دەپئى قىلىۋەتسۇن، بىزلەرنى رەھمىتىگە لايىق قۇللىرىدىن قىلسۇن ! ئامىن.

گەرچە ھەدىس ئىلمى ھەققىدە سۆزلەشكە ھېچ سالاھىيىتىمىز بولمىسىمۇ، جەمئىيىتىمىزدە كۆرىنىۋاتقان، ئاخىرزاماننىڭ يەر شارىدىكى ئومۇمىي فىتنىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان، بىلىپ- بىلمەي خاتالىق ۋادىلىرىدا چىپىپ يۈرگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەققە يۈزلىنىشىگە بىر ئاز بولسىمۇ پايدىمىز تىگەر، ھەدىس مەسىلىسىدە ھەددىدىن ئاشقانلار ھېچ بولمىسا ھەددىنى بىلەر دېگەن غايە بىلەن،

ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئوقۇپ پايدىلانغانلىرىمىزنى ئىنساپلىق كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىگە سۇنۇش نىيىتىگە كەلدۇق.

شۇنداق، بۇ زامانلاردا ھەدىس ئىلمى بويىچە ئۇ قەدەر بىپەرۋالىقلار شەكىللىنىۋاتىدۇكى، ھەدىس ئىلمى بويىچە ئۈممەت مۇتەخەسسىس، داھى ۋە ئەڭ سالاھىيەتلىك دەپ قاراپ كەلگەن ئىمام زاتلارنىمۇ ياراتماسلىققا ۋە ھەتتا تەنقىد قىلىشقا جاسارەت كۆرسىتىلگەندەك دەرىجىدە ھەددىدىن ئېشىشلار مەۋجۇت؛ ئۇ بىپەرۋالىقلار چوڭىيىپ شۇنداق نەتىجىلەرمۇ چىقتىكى، ئەرەبىستان تەرەپتىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان قاتتىق ۋە مۇتەئەسسىپ پىكىرلىك بىر تۈركۈم بەزى ھەدىس ئالىملىرىنىڭ تەسىرىدە، ھەر نەرسىگە ۋە ھەر مۇقەددەس نەرسىگىمۇ تىل ئۇزىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ شەكىللەندى.

ئەمەلىيەتتە ھەدىسكە ھۆكۈم بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرىش مەسىلىسىدە، مۇھەددىسلەر ئارىسىدا جەريان قىلغان جەرھ(تەنقىد) ۋە تەدىل(جەزىملەش) ئۇسۇلى بەكمۇ كەسكىن بىر قورال ۋە بەكمۇ سەزگۈر بىر ئۆلچەم قاتارىدا قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇللارنىڭ سۆزگىچىدىن

www.uyghurkitap.com



ئۆتكۈزۈلمىگەن ھېچبىر نەرسە، ھېچبىر ھەدىس ۋە سەنەدلەر(رىۋايەت مەنبەلىرى) قالمىغان دېيىشمۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەدىسلەرنىڭ سەنەدلىرىدە رىۋايەت قىلغانلارنىڭ ھال ۋە ۋەزىيەتلىرىگە ئائىت بولغان جەھەتلەردە خۇددى قىلنى قىرىققا بۆلگەندەك ئىنچىكە تەھلىللەر، تەتقىقاتلار بولغاندۇر. قۇرئاندىن كېيىن ئەڭ سەھىھ كىتاب دەپ قوبۇل قىلىنغان بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەدىسلىرى ھەققىدىمۇ بۇ خىل تەتقىقات بولغاندۇر. ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس ئالغان 80دىن ئارتۇق ئۇستازى ۋە مۇسلىمنىڭ 160دىن ئارتۇق شەيخى ھەققىدىمۇ تەھلىللەر بولغاندۇر .

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەدىس شەرىفلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنىڭ ئېنىقلىنىشى ۋە تەھلىل، جەرھ ۋە تەدىل ئىشلىرى ھىجرى تۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان ۋە ئۇ زامانىدىلا تاماملانغاندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەھلىللەر پەقەتلا بۇرۇنقى تەتقىقاتلارنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلىنغاندۇر.

« ھەققە ئاشقىلىق » ۋە« دىن مۇھەببىتى » نامىدىن قىلىنغان بۇ ۋەزىپىنى ئەھلى سۈننەت مۇھەددىسلىرىنىڭ ھەممىسى غەرەزسىز ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى تاشلاش شەكلىدە ئورۇنلىغاندۇر.

بىراق مەسىلىنىڭ تامامەن ھەل قىلىنىشى ئانچە ئاسان ئىش بولمىغاچقا، ھەدىس ئىمامىلىرى ئارىسىدا ھەدىسلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئېنىقلاش مەسىلىسىدە كۆپلىگەن ئىختىلاپلار (خىلمۇ- خىللىقلار) ئوتتۇرىغا چىققاندۇر. ئۈچ- تۆتى بىر ھەدىس ئۈچۈن «زەئىپ» دېگەن بولسا، ، ئالتە- يەتتىسى ئۇ ھەدىسكە« سەھىھ » ۋەياكى « ھەسەن » مەرتىۋىسىنى بەرگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. (!)

ئەپسۇسكى بۇ جەھەتتە بەزى بىر تەرەپلىمە قاراشتىكى، پىكرى مۇتەئەسسىپ، ھەمدە سالاھىيتى كەمچىل بولغانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققاندۇر. ھالبۇكى بىلىنگىنىدەك مەسلەك مۇتەئەسسىپلىكى نەتىجىسىدە، باشقىسىنى ئاڭلىماسلىق، ئەھمىيەت بەرمەسلىك ھالىتى شەكىللىنىدۇ. بۇمۇ ئىلىمدە بىر مۇستەبىتلىك ۋە بىر دىكتاتۇرلۇق ۋەزىيىتىنى نەتىجىلەندۇرىدۇ. ھەتتا مەسلەك مۇتەئەسسىپلىكى تەسىرىدە بەزىلەر مۇھىم ھەتتا بەزى شەيخۇل ئىسلام دەپ قارالغانلارمۇ ، ئىستىقامەتلىك چۈشەنچىدىن خېلىلا يىراقلاشقاندۇر. نەتىجىدە باشقىلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ پەرۋاسىزلاشقاندۇر. بىر مىسالى:

ئىبنى قەييىمى جەۋزىنىڭ « ئەلبايان فى تىبيانىل قۇرئان » ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە « فاتىھە » سۈرىسىنىڭ تەفسىرىدە « غەزەپ قىلىنغانلار ۋە ئازغۇنلار» نىڭ مەنىسىدە، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ سالىھ، ئەڭ مۇبارەك، ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئۆتكۈر قەلبلىك، ئەڭ ئۈستۈن تائىپىسى بولغان ئەۋلىيالارنىڭمۇ بارلىقى تىلغا ئېلىنغاندۇر.

..................

ھەدىس ئالىملىرى ئەگەر بىر ھەدىس كەسكىن شەكىلدە ۋە ئورتاق قاراشقا ئىگە بولغان بىر« ئويدۇرما(يالغان) ھەدىس» دەرىجىسىدە بولمىغان بولسا،« زەئىپلىك » دەرىجىسى قايسى مەرتىۋىدە بولمىسۇن ، يەنىلا ئۇنى ھەدىس دەپ كۆرگەن ۋە ئېلىپ مۇھاپىزەت قىلىغاندۇر.

تولىمۇ ئەپسۇس، كۆرىۋاتىمىزكى، بەزى نادان ۋە بىچارىلەر خۇددى ھەدىسنىڭ جەرھ ۋە تەدىل، تەھقىق ۋە تەنزىم ئىشلىرى تۈگىمىگەندەك، ھازىرمۇ بۇ مەسىلىنى مۇنازىرە ساھەسىگە تارتىش، ئورنىغا چۇشۇپ بولغان، ھىكمەت نۇرى چاچقان ھەدىس شەرىپلەرنى خۇددى شۈبھىگە ۋە بۇلغاشقا يۈز تۇتتۇرۇشتەك ئەھۋاللاردا بولىشىۋاتىدۇ. كۆرۈنىشتە ھەدىس تەتقىقاتى ۋە ھەدىس

خىزمىتى قاتارىدا كۆرۈنگەن بىلەن « ھەرە سۇ ئىچىدۇ، ھەسەل ئېقىتىدۇ، يىلان سۇ ئىچىدۇ، زەھەر تۆكىدۇ.» مەنىسىگە ئۇيغۇنلۇق كۆرسىتىپ، ئىسلام ئالىمىنى پەرىشان قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ .

ھەدىس ھەققىدە چۈشەنچىسى بولمىغان خەلقلەرگە ھەدىس نەقىل قىلىپ شۇ « زەئىپ ھەدىستۇر» دەپ، « زەئىپ ھەدىس » نىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىگەن ئاۋام مۆئمىنلەرنى شۈبھىگە چۈشۈرىۋاتىدۇ.

شۇنداق، ئاتمىش- يەتمىشقا يەتكەن مەنبە تۈرىدىكى ھەدىس كىتابلىرىدىكى بارلىق ھەدىسلەرنىڭ سەنەدلىرى ۋە رىۋايەت يوللىرى بويىچە ئۈچ خىل مەرتىۋىسى باردۇر. بۇلار سەھىھ ھەدىسلەر، ھەسەن ھەدىسلەر ۋە زەئىپ ھەدىسلەردۇر. ھەممىسى ھەدىس شەرىپلەردۇر. ھەممىسىگە قارىتا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام ۋاجىپ ۋە لازىمدۇر.

.................

ھەدىسنىڭ جەرھ تەدىل ئىشلىرى تۈگەپ، مەرتىۋىلىرى ئېنىقلانغان بولغاچقا، شەيخ ئابدۇلقادىر گەيلانى، مەۋلانە جالالىددىن رۇمى، ئىمام غەززالى، ئىمام رەببانىيدەك(رەدىيەللاھۇ ئەنھۇم) كۆپلىگەن ئۆلىما، ئۇ

هەدىسنىڭ سەنەدى نېمىلىكىگە قارىماستىن، سەنەدسىز شەكىلدە كىتابلىرىغا قويۇشقاندۇر.

قۇرئاننىڭ ئوخشىتىش ۋە سىمۋول خاراكتېرلىك مۇتەشابىھ ئايەتلىرى بولغىنىدەك، ھەدىسلەردىمۇ مۇتەشابىھ ھەدىسلەر بار. بۇنى ئەھلى سۈننەتنىڭ تەھقىق ئالىملىرى ئىزاھ قىلىدۇ. ھەركىم چۈشىنەلمەيدۇ. بىراق ئالىم ۋە ھەدىسشۇناس ئىسمى ئاستىدىكى بەزى شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئەقلىسىز ئەقىللىرىنى ھەر نەرسىگە ئۆلچەم دەپ قاراپ، كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە « بۇنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ » دەپ، ھەدىسنىڭ شەرىپىگە داغ تەككۈزۈشكە تىرىشقانلارمۇ مەۋجۇت.

ھالبۇكى، « ئۇسۇلىددىن» قائىدىلىرىدىندۇركى: « ئەقىل بىلەن نەقىل قارشىلىشىپ قالسا، ئەقىل ئاساس تۇتۇلىدۇ. نەقىل تەبىر(تەۋىل) قىلىنىدۇ. » لېكىن ئەي بۇرادەر! ئۇ ئەقىل سەندەك ۋە مەندەكلەرنىڭ ئەقلى ئەمەس، بەلكى مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىدە مەرىپەت قازانغانلار ۋە نۇرانىي قەلب ئىگىلىرىنىڭ ئەقىللىرىدۇر. (ئىمام ئەئزەمنىڭ « قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن بولسا ھۆكۈملىرىنى تۇتۇڭلار بولمىسا،

تاشلاڭلار» دېگەن سۆزىمۇ ھەر ئەقىل ئىگىسىگە خىتاب قىلىنغان سۆز ئەمەسلىكىنى ئۇنۇتماسلىق لازىم.)

بۇ نۇقتىنەزەرگە تولىمۇ سەل قارىغان، ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە پەرىشان ئەقلىگە سىرتقى جەھەتتىن زىت كۆرۈنگەن بىر ئىشنى كۆرۈپ قالغان بەزىلەر بولسا دەرھال ئاچچىقلىنىپ :« نەدە ئۇنداق سۈننەت بار! » دەيدۇ، چوڭ ئىماملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ ياكى«زەئىپلىك»تامغىسىنى ئۇرۇپ، ئاستىدىن «ئويدۇرما» ئىكەنلىكىنى پۈرىتىدۇ.

تېخى تۈنۈگۈن ھەدىس تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، بىر قانچە كىتاب ئوقۇپلا، نۇرغۇن تەھلىللەردىن خەۋەرسىز ھالدا ھەدىسشۇناسلىق سەھنىسىگە چىققان سالاھىيەتسىز نادانلار قىلىۋاتقان ئىش بولسا تېخىمۇ كۈلكە ۋە غەزەپ قوزغايدۇ.

ھەدىس تارىخىغا قارايدىغان بولساق، سائادەت ئەسىردە نۇبۇۋۋەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبىرىمىز ئۆز سۆزلىرىنىڭ، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يېزىق بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلىشىنى خالىمىغاندۇر. ھەتتا بىر ھەدىسى شەرىف بىلەن : «

ساھابىلەردىن ھەدىس يازغانلار بولسا، يازغىنىنى يوق قىلسۇن.» دەپ بۇيرىغاندۇر. بىراق كېيىنكى ۋاقىتلاردا رۇخسەت بەرگەن ۋە بۇ رۇخسەت ئومۇمىي بىر شەكىلگە كىرگەندۇر.

بۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەدىس شەرىپلەرنى يېزىق بىلەن قالدۇرۇش ئىشى يۈزدە ئون نىسبىتىدىمۇ ئەمەس ئىدى. نۇرغۇنلىغان ھەدىس ساھابىلەرنىڭ زېھىنلىرىدە ۋە ئەسلىرىدە قالغان ھەدىسلەردۇر. ئېھتىياج ۋاقىتلىرىدا مەسىلىلەرنىڭ ئايدىڭلىشىشى ئۈچۈن ئۇ ھەدىسلەرنى سۆزلىگەندۇر.

كاشكى پۈتۈن ھەدىس شەرىپلەر رەسۇلۇللاھ(س.ئە.ۋ) ھايات ۋاقىتلىرىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان بولسا دېگىمىز كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىت سەھىھ ھەدىسلەرنىمۇ ئويدۇرما دەپ گۇمان قىلىدىغانلار چىقمايدىغىنىدەك، ئويدۇرما ھەدىسلەرمۇ پەيدا بولمايتتى. شۈبھىلەردىن خالى بولۇناتتى.

لېكىن، بۇ دىن اللهنىڭ دىنىدۇر، ئۇنىڭ تەسەررۇپىدىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئىمتىھان قىلىنىشىدەك كۆپلىگەن يوشۇرۇن ھىكمەتلەر بار. ئاۋام خەلقىنىڭ رەھبەر ھەدىسشۇناسلارغا يۈزلىنىپ ئۆز بىشىمچىلىق قىلماسلىقتەك ھىكمەتلەرمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك..

ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەت ۋە تەتقىقاتلىرىدا ساھابىلەر ئۇ قەدەر ئىنچىكىلىك كۆرسەتكەنكى، مەسىلەن: جابىر بىن ئابدۇللاھ(ر.ئە) شامدىكى ئابدۇللاھ بىن ئەنەس(ر.ئە) تىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىسنى تەھقىق قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن چىقىپ شامغا بارغان. ئەبۇ ئەييۇپ ئەنسارى مەدىنىدىن چىقىپ مىسىرغا بارغان ۋە ئۇقبە بىن ئامىر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بارغان.

ھەزرىتى ئەلى ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نەقىل قىلغۇچىنى قەسەم قىلدۇرىدىكەن.

تابىئىن ۋە تەبە تابىئىن دەۋرىدىمۇ بۇ ئىشنىڭ بارغانسېرى مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى جەمىيەتتىن سەزگەن بۈيۈك ئۆلىمالار، تابىئىن دەۋرىدىكى ھەرگىمدىن ھەدىس ئېلىۋەرمەسلىك پىكرىدە بولۇشتى. مەسىلەن: ئىمام مالىك «مەن يەتمىش كىشى كۆردۈمكى، ھەربىرى ناھايىتى ئىشەنچلىك ۋە دۇرۇس ئىنسانلار ئىدى. لېكىن ھەدىس نەقىل قىلىشتا ئەھلى بولمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ھەدىسلىرىنى ئالمىدىم» دېگەن.

www.uyghurkitap.com



كېيىن ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ ئىشقا ناھايىتى ئەستايىدىل قاراپ،ھەدىسلەرنىڭ ئازىيىپ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئالىملارنى تەيىنلىدى. جىلد- جىلد ھەدىسلەر توپلانغان بولدى.

كېيىن ھەدىسلەرنىڭ مەرتىۋە جەھەتتىن تەتقىقاتىغا كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، مەشھۇر ھەدىسشۇناسلاردىن ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى ھىببان، ئىبنى ھۇزەيمە ۋە ئىبنى جارۇدقا ئوخشاش زاتلار مەيدانغا چىقتى.

مۇھىم بىر نۇقتا باردۇركى، بەزىلەر نەزەرگە ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئىمام بۇخارى بولسۇن، مۇسلىم بولسۇن، پۈتۈن سەھىھ ھەدىس ئالىملىرى سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلىغىنىدا،ھېچبىر زامان: «سەھىھ ھەدىسلەر پەقەتلا بىزنىڭ قەيت قىلغىنىمىزدۇر، بۇنىڭدىن باشقا سەھىھ ھەدىس يوقتۇر » دەپ دەۋا قىلمىغان ۋە دېمىگەندۇر.

زىيائى مەقدىسى، ھاكىم نىسابورى، دارەقۇتنىگە ئوخشاش چوڭ ھەدىس ئالىملىرى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتلىرى دائىرىسىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى تېپىپ قەيت قىلغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقاندۇر.

ھەدىسلەرنىڭ سانىمۇ ئۇ قەدەر كۆپتۈركى، بىر مىليون ھەدىس يادلىغان بۈيۈك ھەدىسشۇناس ۋە ھافىز ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل باشلىق ھېچبىر ھەدىس ئالىمى ھەدىسنىڭ ھەممىسى بۇ قەدەردۇر، ياكى سەھىھ ھەدىس بۇنچە، زەئىپ بولغىنى بۇنچە دېيەلمىگەندۇر. بىراق ئۇ ئىمام ئەھمەد يادلىغان بىر مىليون ھەدىس (گەرچە بەزى تەكرارلار بولسىمۇ) ياكى ئىمام بۇخارى يادلىغان 500مىڭ ھەدىس ھازىر نەدە؟ ھالبۇكى ئىمامى سۈيۈتىنىڭ ئېنىقلىشى بويىچە ھازىر مەۋجۇت بولغان ھەدىس سانى 200مىڭ قەدەردۇر. ئۇنداقتا قالغىنى قېنى؟

بەزى ئىماملار بولسا سۈيۈتىنىڭ بۇ ئېنىقلىمىسىنىمۇ ئاز كۆرگەندۇر. ئۇيدۇرما ھەدىس دېگەن ئېھتىمال ۋە قورقۇنچ بىلەن كۆپلىگەن ھەدىسنىڭ يوقىلىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى خېلى چوڭ بولۇش بىلەن بىللە، ئىمامى شارانىي ۋە ئىبنى خەلدۇنلارنىڭ قارىشى بويىچە، چىڭگىزخان ۋە ھىلاكۇنىڭ مالىمانچىلىق چىقارغان ۋاقىتلىرىدا مىڭلارچە ئىسلامىي قولىيازما كىتابلارنىڭ دەجلە دەرياسىغا تاشلىنىش ھادىسىسىدە نۇرغۇن ھەدىس شەرىپلەرنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىك ئېھتىمالىمۇ بار. ھىجرى

www.Uyghurkitap.com

بىرىنچى ئەسىردە كۆپلىگەن ھەدىس كىتابلىرىدا ھەدىس توپلانغان بولسىمۇ، بۈگۈن ئۇ كىتابلانىڭ ئىسمى بار، بىراق جىسمى يوق بولۇشىمۇ بۇنىڭغا بىر خىل ئىشارەتتۇر.

ھەدىس سانىنىڭ ئۇ قەدەر كۆپلىكىمۇ ئۇنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئۇ نىسبەتتە كۆپلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋە ھەدىسلەرنىڭ سەنەد ۋە راۋىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمۇ تۆگىتەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە تونۇپ يېتىش مۇمكىن بولمىغۇدەك دەرىجىدە تەس ئىش ئىدى.

نەزەرىدىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان بىر مەسىلىمۇ شۇدۇركى، بەزى ھەدىسشۇناسلار جەرھ ۋە تەنقىد ئىشىدا بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسنىمۇ زەئىپ، ھەتتا ئويدۇرما دېگەندۇر. مىساللىرىدىن بىرى ئىبنى جەۋزى ئۆزىنىڭ « ئويدۇرما(يالغان) ھەدىسلەر» كىتابىدا يازغان 300دىن ئارتۇق ھەدىسلەرنى ئىمامى سۇيۇتى تەتقىق قىلىپ بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھېچبىرسىنىڭ ئويدۇرما ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئىچىدە مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان.

بۈگۈن ئالەمی ئىسلامدا مەۋجۇت بولغان ۋە كۈنىمىزگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن، ئەھمىيەت بېرىلىپ بېسىلغان، ھەربىرسى بۈيۈك بىر ھەدىس ئىمامى ۋە ھافىزىنىڭ تەسىردە بولغان ۋە كۈتۈبى سىتتەنىڭ سىرتىدا قالغان50-60 تىن زىيادە ھەدىس كىتابلىرىنى ھۆرمەت ۋە ئەدەب ئىچىدە مۇئامىلە قىلىش لازىم ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق لازىم. ناۋادا ئىچىدە ھەدىس ئىماملىرىنىڭ تەتقىقات بىلەن بەك زەئىپ، ھەتتا مەترۇك ھەدىسلەر بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىپ- قىلماسلىق ئىشنى شەخسنىڭ ئىختىيارىغا قويۇش بىلەن،چېقىلماسلىق لازىم كېلىدۇ.

مەقبۇل ھەدىسلەرنىڭ پەقەتلا كۈتۈبى سىتتەگە چەكلىنىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشنىڭ بەكمۇ چوڭ خاتالىق ۋە جاھالەت ئىكەنلىكىنى كۆزدىن يىراق تۇتماسلىق كېرەك. بۇ ئىشقا قىزىقىدىغان بىر تەتقىقاتچى كۈتۈبى سىتتەدىن باشقا بىر ھەدىس كىتابلىرىدىن بەزى ھەدىسلەرنى تەھلىل قىلسا، ئۇنىڭغا قارىتا ھەدىس ئىماملىرىنىڭ بارلىق قاراشلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، قايسى خىل قاراشتىكىلىرى كۆپ بولسا ، ئو بويىچە:«بۇ ھەدىس سەنەدى جەھەتتىن،

ھەدىس ئىماملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىشى بويىچە مەرتىۋىسى شۇنداقتۇر» دېيىسە بولىدۇ. بىراق پەقەتلا بىر- ئىككى ھەدىس تەنقىدچىسىنىڭ قارىشىنى ئىزھار قىلىپ قەتئىي قارار بېرىۋېتىش ھەقىقەت ئەمەستۇر. ھەدىس ئىلمىگە قارىتا بىپەرۋالىق، ئىماملارغا قارىتا ھۆرمەتسىزلىكتۇر. زەئىپ ھەدىسمۇ يەنىلا ھەدىستۇر. توقۇلما ھەدىس بىلەن بولغان پەرقى ناھايىتى يىراقتۇر.

كۆپلىگەن ھەدىسلەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى توغرىسىدا خىلمۇ- خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بۈيۈك ئىماملار بۇ خىلمۇ- خىل قاراشلاردىن قايسىسىنى تاللاش ھەققىدە قائىدىلەر سۆزلىگەندۇر. بۇ مەسىلىدە كەڭرى مەلۇمات خالىغانلار ئىمامى زەھەبىنىڭ «مىزانۇل ئىتىدال» ئەسىرىگە، ئىبنى ھاجەرنىڭ« لىسانۇل مىزان» كىتابىغا قارىسا ،، ياكى ئاسانراقى ئىمامى زەبىدىنىڭ « ئىتھافۇس سادە» ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ياكى ھېچ بولمىسا «شەرھۇل مەنزۇمەتىل بەيقۇنىيە» كىتابىنىڭ190 - 196 سەھىپىلىرىگە قارىسا بولىدۇ.

بەكمۇ ئەپسۇس، زامانىمىزنىڭ بەزى يېڭى چالا مولللىرى ئالىلىبۇرۇن ھەل قىلىنىپ بولۇنغان مەقبۇل، مەشھۇر،

مەنسى چوڭقۇر ۋە زۆرۈر بولغان بەزى ھەدىسلەرگە ئۆز ئىلمىنى كۆرستىش ئۈچۈن « زەئىپلىك» تامغىسىنى ئۇرىۋاتىدۇ. «زەئىپ» دېسمۇ يەنىلا ھەدىسلىكتىن چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆپ زىيىنى يوق. ئەمما ئۇلار ئەقلىپۇرۇشلۇق قىلىپ « ئويدۇرما » (يالغان) مەنىسىنى ئىپادىلىگەن مەقسەتتە ۋە تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ مەقستىگە « زەئىپلىك»نى ماسكا قىلىشىدۇ.

ئاخىرقى ئەسىرنىڭ يېڭى ۋە چالا موللىلىرى ۋە ھەدىس ھەۋەسكارلىرى سۆزلەشكە كۆنۈپ قالغان« ئويدۇرما، ئويدۇرما » دەپ مۇبالىغە قىلىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ يۈزدە توقسان نىسبەتتە ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى بىلىش كېرەك.

بۈيۈك ھەدىسشۇناسلاردا بىر دەرىجە بولغان يوشۇرۇن قائىدىلەر باردۇركى، ئۇلار ھەدىسلەرنىڭ سەنەد ۋە رىۋايەت يوللىرى تەھلىل قىلىنماستىنمۇ ھەدىسنى دەرھال تونىيالىغانلىقلىرىنى سۆزلىگەندۇر. بۇلارنىڭ بىرسى رابى ئىبنى ھەيسەمدۇركى، « بەزى ھەدىسلەر باردۇركى، ئۈستىدە كۈندۈزنىڭ زىياسىدەك نۇر بار. بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، ئۇ سۆز ھەدىستۇر. بەزى سۆزلەر بولسا، ئۈستىدە كېچىنىڭ

قاراڭغۇلقىدەك زۇلمەت بار. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەدىس ئەمەسلىكى بىلىنىدۇ. » (فەيزۇل قادىر)

دېمەككى، بۇ زاتتەك ۋە ئىمامى رەببانىيدەك ئىشىنىك ئەھلى بولغانلار ۋە روھلىرى ئىمان نۇرى بىلەن پارلىغان ئەھلى پاراسەت ۋە كامىل ھەدىسشۇناسلارنىڭ ھەدىس جەھەتتىكى ھۆكمىنى ھەركىم قىلالمايدۇ.

شۇنداق، ھەدىس ئىماملىرى ئەڭ كۆپ زەئىپ ھەدىسلەر ھەققىدە تەتقىقات ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىشقان بولۇپ، ھازىرقى يېڭى ھەۋەسكارلار ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقان بۇ زەئىپ ھەدىسلەرنى بۈيۈك ئىماملارنىڭ بەزىسى81 تۈرگە، بەزىلىرى63 تۈرگە، بەزىسى49، بەزىسى42 تۈرگە، ھەتتا بەزىلىرى يۈزدىن ئارتۇقتا بۆلگەن. دېمەك كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەسىلە ھەققەتەن ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىدۇر .

بۈيۈك مۇھەددىسلەر« بىر قانچە زەئىپ ھەدىسلەر ئوخشاش مەنىدە كېلىپ ئوخشاش نۇقتىغا بارماق باسسا، شەخسى زەئىپلىكى تۈگەپ ئومۇمىيەت ئىچىدە قۇۋۋەتلىنىدۇ »دەپ قاراشقان.

دىققەتسىزلىك قىلىشقا بولمايدىغان بىر مەسىلىمۇ شۇدۇركى، بىر ھەدىس كىتابىدا سەھىھ ھەدىس مەرتىۋىسىدىكى بىر ھەدىس يەنە بىر ھەدىس كىتابىدا زەئىپ ھەدىس مەرتىۋىسىدىدۇر. (چۈنكى سەنەدكە قارىلىدۇ.) ئىمامى سۇيۇتى يۈزدىن ئارتۇق رىۋايەتلەر بىلەن كەلگەن دېگەن بۇ: « كىم مەن دېمىگەن گەپنى دېدى دەپ ئويدۇرسا، جەھەننەمدىن ئورنىنى تەييارلىسۇن » ھەدىسى سەھىھ ھەدىسلەردە مۇتەۋاتىر بولغىنىدەك، زەئىپ ھەدىسلەر سىنىپىدىمۇ تەخمىنەن50 يول بىلەن ئوخشاش ئىبارە بىلەن كەلگەن.

ئىمامى ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇدتەك بەزى چوڭ زاتلار زەئىپ ھەدىسلەر بىلەن ئەمەل قىلىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقان. بىراق كۆپ سانلىق ئۆلىمالار شەرت ئەمەس، بەلكى جائىزدۇر.(ئەمەل ئېتىلسە بولىدۇ.) دېيىشكەندۇر. ھەمدە بەزى قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندۇر.

پۈتۈن ھەدىس ھافىزلىرى «ئەسلى ۋە ئاساسى بولمىغان، ئويدۇرما بولغان ھەدىسنى بىلىپ تۇرۇپ يازماق، كىتابقا قەيت قىلماق قەتئىي ھارام ۋە چوڭ گۇناھتۇر» دېيىشكەن. شۇڭلاشقا كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بويىچە،

www.uyghurkitap.com

خەلقنىڭ ئاغزىدا ياكى قالايمىقان كىتابلاردا كىرىپ ھەدىس دەپ تىلغا ئېلىنغان رىۋايەتلەردە ئەمەس،چوڭ ھەدىس كىتابلىرىدا ھېچ ئۇيدۇرما ھەدىس يوقتۇر دېيىشكە بولىدۇ.

خاتا بىر پەزەر بىلەن، ھازىرقى چوڭ ھەدىس كىتابلىرىدا، ئەگەر تا ئىماملار زامانىسىدا ئېنىقلانماي خاتا ھالدا كىرىپ قالغان توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ بارلىقىنى دېگەن تەقدىردىمۇ(ھاشا!) ، ئۇن ئىككى ئەسىر ئاۋۋال پۈتۈپ بولغان ئىشنى بۇ زاماننىڭ ئىنسانلىرى يېڭىدىن ئېنىقلاش ئۈچۈن تەتقىقاتقا كىرىشىپ ئۇ يالغان سۆز ئىگىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن نەتىجە ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ كونا زاماندا ئۇن مىڭدىن ئاشقانلىقىنى ئالىملار دېيىشىدۇ. بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاباسىي خەلىپىلىرىدىن مەھدى، ھارۇن رەشىدلارنىڭ باشلامچىلىقىدا بۈيۈك ئۆلىمالار بىر- بىردىن ئايرىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقانىدى.

يۈزدە يۈز توقۇلما ئىكەنلىكى ئېنىق بولماي، مىڭ يىلدىن بېرى مۇھاپىزەت قىلىنىپ كەلگەن سەنەدى ئېنىق بولمىغان بەزى ھەقىقەتلىك سۆزلەرمۇ بار بولۇپ، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر سۆزى بولىشىمۇ مۇمكىن. بىراق ئېنىق دەلىل

بولمىغانلىقتىن ئالىملار ئۇ سۆزلەرنىڭ بەلكىم بىر ساھابە، ياكى تابىئىن ۋەياكى تەبە تابىئىندىن چوڭ بىر زاتنىڭ توغرا ۋە ھەق سۆزلىرى بولىشىمۇ مۇمكىن دېيىشكەندۇر، ھۆرمەت قىلىپ كەلگەندۇر. شۇڭا ھەر قانداق توقۇلما ھەدىسنىڭ مەنىسى جەھەتتە خاتا بولىشى ناتايىن. **قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش شەرتى ئاستىدا قوللىنىشنىڭ زىيىنى يوقتۇر.**

بۈيۈك مۇجتەھىد ئىماملار، باشتا تۆت چوڭ مۇجتەھىد بولۇپ ھەر بىرسى ئەڭ ئالىي مۇجتەھىد بولغىنىدەك ۋە يەنە مۇھەددىستۇر. ھەربىرسىنىڭ بىر ھەدىس كىتابىمۇ مەۋجۇتتۇر. ئىمامى ئەھمەد مۇستەسنا، باشقىلىرى ھەدىس شەرىپلەرنىڭ نەقىل ۋە رىۋايەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، بىراق جەرھ ۋە تەدىل ئىشلىرى بىلەن كۆپ مەشغۇل بولۇشمىغان. چۈنكى ۋەزىپىلىرى تېخىمۇ ئومۇمىي ئىدى. ئومۇم ئۈممەت ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈرى ئىدى. ئۇلار ، جەرھ ۋە تەدىل ئىشىنى مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىگە قويۇش بىلەن بىرلىكتە قولىدىن كەلگىنىچە ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەندۇر.

چوڭ مۇجتەھىد زاتلارنىڭ ھەدىسكە قاراش جەھەتتىكى يەنە بىر تەرىپىمۇ بار بولۇپ، بەلكىم بۇ جەھەت ئۇلارنى ھەدىسلەرنىڭ سەنەدلىرى بىلەن كۆپ مەشغۇل قىلدۇرمىغاندۇر. ھېلىمۇ ئۇ مۇجتەھىدلەرنىڭ مۇتلەق مۇجتەھىد بولالىشى ئۈچۈن اللهنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىلىم، ئىرپان، پاراسەت، ئەۋلىيالىق ۋە كامىل بىر رۇسۇھىتەك قابىلىيەتلەرنى خالىغان ۋە جەملىگەن بىر مەرتىۋىگە ئىگە بولۇشى لازىم ئىدى.

بۇ خىل مەرتىۋىنىڭ يۈكسەكلىكى بويىچە اللهنىڭ خۇسۇسىي ئىلتىپاتى بىلەن ئۇ خاس قۇللار ھەدىسنىڭ سەنەد، جەرھ، تەدىلدەك قائىدىلىرىدىن ئۆتمەستىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىك، زەئىپلىك ۋە توقۇلما ئەھۋاللىرىنى ئاسانلا چۈشىنەلىگەندۇر.

ھازىر بۇ دەۋانىڭ يوشۇرۇن بولىسىمۇ، ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى دەلىل ۋە مىساللىرىنى دېمەكچىمىز:

1. جالالىدىن سۇيۇتى «ئەلھاۋى لىل فەتەۋا » ئەسىرى 2/ 342-345بەتلىرىدە ئىمامى شافىيدىن نەقىل قىلىپ، ۋە باشقا دەلىللەر بىلەن ئىسپات قىلغاندۇركى، پەيغەمبىرىمىز

ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالام، باشتا شەرىئەت ئەھكامى بولۇپ، بارلىق دىنىي مەسىلىلەرنى بايان قىلغان پۈتۈن ھەدىس شەرىپلەرنى قۇرئاندىن چىقارغىنىدەك، ئاخىرزاماندا يەر يۈزىگە چۈشۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئىمام بولىدىغان ھەزرىتى ئىيسامۇ بار بولغان ھەدىسلەرنىڭ جەرھ ۋە تەدىل ۋە باشقا جەھەتلىرىگە مۇھتاج بولماستىن، پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاش پۈتۈن ھۆكۈملىرىنى بىۋاستە قۇرئاندىن چىقىرىدۇ.

2. ئىمانى شارانى « ئەلمىزانۇل كۇبرا » ئەسىرى 22/1 سەھىپىلىرىدە دەۋا قىلغان ۋە بىر جەھەتتە ئىسپاتمۇ قىلغانكى، پۈتۈن ھەدىس شەرىپلەر قۇرئان ئىچىدە مەۋجۇتتۇر.

3. يەنە سۇيۇتى ھەزرەتلىرى« ئەلھاۋى لىل فەتەۋا » ئەسىرىنىڭ2/446 بېتىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ « مېنىڭ تۆگەمنىڭ تانىسى يوقلىسا كەتسە، ئۇنى مەن قۇرئاندىن تاپالايمەن » دېگىنىنى رىۋايەت قىلغان.

4. يەنە ئىمامى شارانى«كەشفۇل غۇممە» ، ئەسىرى 1/25 دە،سۇيۇتى ھەزرەتلىرى« ئەلھاۋى لىل فەتەۋا » 2/346 سەھىپىسىدە سائىد بىن جۇبەيرىنىڭ «مەن

رەسۇلۇللاھتىن(س.ئە.ۋ) كەلگەن ھەدىس شەرىپلەردىن نىمىنى ئاڭلىغان بولسام، ھەممىسىنىڭ تەستىقىنى قۇرئاندا تاپتىم » دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

5. يەنە ئىمامى سۇيۇتى يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 2/346 دە ئىسپات قىلغانكى، بەزى كامىل ئۆلىمالار ھەر نەرسىنى قۇرئاندا تاپالايدىغان دەرىجىگە يەتكەندۇر.

6. يەنە ئىمامى شارانى يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 2/43 دە دەۋا قىلغان ۋە بىر جەھەتتىن ئىسپاتمۇ قىلغانكى، باشتا تۆت مەزھەب ئىمامى بولۇپ، بەزى كامىل ئەۋلىيالار بولغان مۇھەددىسلەر رەسۇلۇللاھ(س.ئە.ۋ) بىلەن روھانى جەھەتتىن كۆرىشىدۇ. شۈبھىلەنگەن مەسىللەرنى ۋە ھەدىسلەرنى سورىشىدۇ.

مانا بۇ نەمۇنىلەردەك يەنە كۆپلىگەن نەمۇنىلەر بار.

ئەھلى سۈننەتنىڭ بەزى چوڭ ئىمامىرىنىڭ قاراشلىرىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى، باشتا رەسۇلۇللاھ(س.ئە.ۋ)، ئاندىن كېيىن تەرتىپ بويىچە، ساھابىلەر، ئاندىن تابىئىندىن بولغان چوڭ كامىل ئەۋلىيالار، ئاندىن تۆت مەزھەب ئىمامى، بۇلاردىن ئاۋۋال ھەزرىتى مەھدىدەك زاتلارنىڭ

خۇسۇسي بىر ماقامى باردۇركى، ئۇ دەرىجىگە چىققانلار ھەر مەسىلىنى، ھەر ھەدىسنىڭ ئەسلىنى قۇرئاندا كۆرەلىگەندۇر. لېكىن ئۇلار بۇ سىرلىق مەرتىۋىنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى بەكمۇ يوشۇرۇن تۇتقاندۇر. ئومۇمي ئادەتكە قارىتا ھەرىكەت قىلىپ، يەنىلا مۇھەددىسلەرنىڭ تىرىشىش ۋە غەيرەتلىرى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ھەدىسلەرنىڭ سەنەدلىرى جەھەتتىكى چۈشەنچىلىرىنى ئاڭلاشقاندۇر. مۇمكىن بولىشىچە ئۇلارغا رىئايە قىلىشقا تىرىشقاندۇر.

بۇ مەسىلىنىڭ بىر دەلىلىمۇ، بۈيۈك ئۆلىما بەدىئۇززامان سائىد نۇرسى ھەزرەتلىرىدىن نەقىل قىلىنغان بۇ ئىشەنچىلىك رىۋايەت بولۇپ، بايرام يۈكسەل ۋە مۇستافا سۇنغۇردەك چوڭ تالىپلىرى نەچچە قېتىم بىزگە دەپ بەرگەن شۇ سۆزكى، بەدىئۇززامان دېگەن: « مەن بۇرۇن تەھسىل قىلغان پۈتۈن ئىلىملەر، يادلىغان ئونلارچە كىتاب ۋە مەلۇماتلار مېنىڭ قۇرئانغا چىقىشىم ئۈچۈن پەشتاق ھۆكمىدە بولدى. قۇرئانغا چىقتىم، ھەر بىر قۇرئان ئايىتىنىڭ كائىناتنى ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھېچبىر كىتابقا ئېھتىياج قالمىدى. » شۇنداق، كۆرۈلگىنىدەك بەدىئۇززامان

www.uyghurkitap.com
ھەزرەتلىرىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىگە ۋە مەزكۇر مەرتىۋىگە ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتمەكتە.(ئا.بادىللى)

مەزھەب ئىماملىرى ۋە باشتا ئىمام ئەئزەم ئەبۇ ھەنىفە بولۇپ ھەممىسى، يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك مۇھەددىسلەردە ئاساس بولغان - ھەدىسنىڭ جەرھ ۋە تەدىل قانۇنلىرىنى ئاڭلاپ رىئايە قىلغىنىدەك، ۋە يەنە قۇۋۋەتلىك ئەۋلىيالىق ھېسلىرى ۋە نۇراني پاراسەتلىرى بىلەن ھەدىسكە يۈزلىنىپ ئۇنىڭ مەنىسى ۋە ھەقىقەتلىرىگە شۇڭغۇيدۇ. يەنى، دىنى مۇبىنى ئىسلامنىڭ قايسى مەسىلىسى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى قايسى شەرىئەت ھۆكمىنى ئايدىڭلىتىۋاتقانلىقىنى تەپەككۇر قىلىدۇ . دەرۋەقە «ئەخبارى ئەبۇ ھەنىفە» ئەسىرىدە كۆرستىلگەندەك ئىمامى ئەئزەم ھەزرەتلىرى ئۆزى ئاڭلىغان بىر ھەدىسنىڭ سەنەد ۋە باشقا تەرەپلىرىدەك سىرتقى جەھەتىگە ئەمەس، بەلكى مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا شۇڭغۇپ پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئىسلام مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن تەھلىللەردە بولاتتى(330 - بېتىدە).

دېمەك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە مۇھەددىسلەر چوڭ بىر دورىخانىغا ئوخشىغان بولسا ، فىقھ ئالىملىرى دورىگەردۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ « نەھجۇل بەلاغە » كىتابىنىڭ 327-- بېتىدە «رەسۇلۇللاھنىڭ(س.ئە.ۋ) سۆزلىرىدە خاسلار، ئومۇمىيلار، ناسىھلەر، مەنسۇھلار(ئەمەلدىن قالغانلىرى)نىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن، بۇلارنى بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمىگەن كىشلەرنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە ۋە پەتىۋا بىرىشكە ھەققى يوقتۇر» دېگەن.

دېمەك ئەزىز قېرىنداش! ھەددىن ئاشماسلىق لازىم، مەسئۇلىيەتىنىڭ چوڭلىقىنى بىلىپ، ئەھلى سۈننەت ئىماملىرىنىڭ نەقەدەر بۈيۈك تەتقىقاتچىلار ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇڭ! ئەرەپچە بىلگەن ھەر ھەۋەسكار ۋە قۇرئان ۋە ھەدىستىن پەرۋاسىزلارچە سۆزلىگەن ھەر كىتابنىڭ سۆزىگە ئەگىشىش يولىدا بولماڭ. چۈنكى ئازدۇرىدىغانلىرىمۇ باردۇر. بىلىڭكى، 72 پىرقىنىڭ رەئىسلىرىمۇ ئالىملاردۇر. تۆت مەزھەپ ئىجتىھاتىنكى پەرقتىن ئوتتۇرىغا چىققاندۇر. ھەنەفى(ئىمامى ئەئزەم) مەزھىپىدە بولسىڭىز، ئىمامى ئەئزەمنىڭ ئىجتىھادى بىلەن(ئارقىلىق) رەسۇلۇللاھنىڭ(س.ئە.ۋ) سۈننىتىگە ئەگەشكەن بولىسىز.

www.uyghurkitap.com

بۇ خىل يېڭى ئىقىملارنىڭ چوڭلىرى ھەدىس ھەققىدە ئۆزلىرى پەرۋاسىز ۋە مەسئۇلىيەتسىز بولغىنىدەك، ئەگەشكۈچىلىرىنى تېخىمۇ جاسارەتلىك ھالدا پەتىۋا ۋە ھۆكۈمگە ئالدىرايدىغان ئەھۋالغا يېتەكلەپ قويغاندەك ۋەزىيەتنى سېزىش تەس ئەمەس. «ھالبۇكى جەھەننەمگە تاشلىنىشقا ئەڭ كۆپ ئالدىرايدىغىنىڭلار، پەتىۋاغا جاۋاب بېرىشكە ئەڭ كۆپ جاسارەت كۆرسەتكىنىڭلاردۇر» دېگەن ھەدىستىن قورقۇش، ئۇنى ھەم سۆز ھەم ئەمەل جەھەتتىن كۆرسىتىلىشى لازىم ئىدى.

بۇ ئىقىم تەسىرىدە يەنە ئەھلى سۈننەت تارىختىن بىرى دەلىللىك ھالدا قوبۇل قىلىپ كەلگەن تەرىقەتچىلەرمۇ ئېغىر دەرىجىدە كەمسىتىلمەكتە. گەرچە تەرىقەت ئەقىل، پەن ۋە ئىلىم ھۆكۈم سۈرگەن بۇ زامانغا ماس كەلمىسىمۇ، يولدىن چىققان بىر قىسىم ئۆزىنى تەرىقەتچى دېيىۋالغانلارنىڭ ئازغۇنلىقى بىلەن تەرىقەت ئومۇمىيۈزلۈك رەت قىلىنماسلىقى كېرەك ئىدى.

« تەرىقەت ۋە تەسەۋۋۇپ » دېيىلگەن بۇ جامائەتلەرنىڭ ئەرىبابلىرىدا يۈكسەك ۋە تەتقىقچى ئۆلىمانىڭ خېلىلا ئازىيىشى، بۈگۈن بۇ تەرىقەت كۆپىنچە ئاۋامنىڭ

قولىدا قىلىشى، شۇنداقلا ئۇ يولنىڭ كۆپلىگەن سۈيئىستىمالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، پەتىۋاغا جاسارەتلىك بولغان ئاتالمىش يېڭى « ھەدىسشۇناسلار ۋە فىقھشۇناسلار » نىڭ غالىبىيىتىگە سەۋەپ بولغاندۇر. ھەتتا بەزىلەردە » تەرىقەتتىن سۆز قىلىش خۇددى نۇمۇس قىلىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالماقتا. ھەتتا ھەدىس ئىلمى بويىچە «ئەلھافىز »، « ئەلھۇججەت » دەپ ئاتالغان بەزى زاتلار ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆزلەنسە، « ئۇ سوپىكەنغۇ! » دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇلارنى چەتكە قېقىش شەكىللەنمەكتە.

بەزى ئازغان مەزھەپلەر ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن كۆرىلىدىغان تەسەۋۋۇپنى، ئەۋلىيا ۋە كارامەتلەرنى قوبۇل قىلمىسىمۇ، ئەھلى سۈننەت بويىچە ئەۋلىيالىق ۋە كارامەت ھەقتۇر. بۈيۈك ۋە كامىل ئەۋلىيالاردىمۇ مۇجتەھىدلەردىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئالاھىدە ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار ﷲنىڭ ئىزنى ۋە تەۋپىقى بىلەن ئۆتكەن زاماننىڭ ھادىسىلىرىگە قەلبىي ۋە روھى جەھەتتىن يۈزلىنىپ كۆرەلىشى مۇمكىن بولغىنىدەك، كېلىدىغان زامانىدىمۇ ﷲنىڭ ئىلمىدىكى تەقدىر قىلىنغان ھادىسىلەرنىڭ مەنىۋى شەكىللىرىنى كۆرۈپ خەۋەردار

بولالايدۇ. (پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى اللهنىڭ يارىتىشى بىلەن بولغىنىدەك، بۇ كارامەتلەرمۇ اللهتىندۇر.) بۇلارنىڭ ئۇ شەكىلدە كۆرگەنلىرى گەرچە شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئاساس دەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۆزلىرىمۇ بۇنى دەۋا قىلمىغاندۇر. ئەمما خۇسۇسىي شەكىلدە قانائەت شەكىللەندۈرۈپ خۇسۇسىي شەكىلدە ئەمەل قىلغانلىرى بولغاندۇر. ئەگەر ئاساسىي جەھەتتىن توغرا چىقىدىغان شۇ كۆرۈشلىرىنى ھۆكۈم بويىچە دەۋا قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسا ئەلۋەتتە سۇيئىستىماللار ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ مۆھتىرەم زاتلار يەنىلا مۇھەددىسلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ماس ھەرىكەت قىلىشقاندۇر.

كۆپ مىساللىرىدىن ئىككىسى:

1 . ئىمام سۇيۇتى« ئەلخاۋى لىل فەتەۋا » ئەسىرى 2/44 ۋە349-بەتتە باشقا- باشقا ھادىسەلەر ئارقىلىق ئىزاھ ۋە ئىسپات قىلغاندۇركى: بەزى كامىل ئەۋلىيالار مەنىۋى ۋە روھى جەھەتتىن ھەزرىتى پەيغەمبەر(س.ئە.ۋ) بىلەن كۆرۈشۈپ ھەدىس مەسىلىسىدە سوئاللارنى سوراشقاندۇر.

2 . جالالىدىن رۇمى ھەزرەتلىرى « مەسنەۋى شەرىف » تە چوڭ ئەۋلىيالار بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىسلەر ۋە راۋىلەرنىڭ مەنبەلىرىگە مۇھتاج بولماستىن، بىۋاستە ئابى ھايات بولغان رىسالەت(پەيغەمبەرلىك) مەنبەسىدىن ھەقىقەتنى ئالالايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئىمامى رەببانىي، جۇنەيد باغدادى، ئابدۇلقادىر گەيلانىيدەك بۈيۈك ئەۋلىيالارنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى سۆزلىرىگىمۇ سەل قارىماسلىق لازىمدۇر.

ھەدىس ھەققىدىكى مۇھىم بىر نۇقتا، سىرلىق ۋە خۇسۇسىي بولغان بەزى ھەدىس شەرىفلەرنىڭ بارلىقىدۇر. شۇنداق،ھەربىر ئىنساننىڭ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ، ھەر بىر قەبىلىنىڭ، ھەتتا ھۆكۈمەتلەرنىڭمۇ بىلىنگەن ئومۇمىي ئەھۋالىدىن باشقا خۇسۇسىي ۋە سىرلىق بولغان ھەممىگە بىلىنمىگەن ئىش ۋە مەسىلىلىرى بار بولغىنىدەك،ئىسلامىيەت ئائىلىسى ياكى ھۆكۈمىتىنىڭمۇ مۇئەييەن، ئومۇمىي، ھەر كىم ئۆگىنىپ بىلىشى لازىم بولغان مەسىلىلىرىدىن باشقا يەنە خۇسۇسىي، پەقەتلا بەزى شەخسلەرگە خاس سىرلىق مەسىلىلىرىمۇ بولىدۇكى، بۈيۈك ساھابىلار رىۋايەت قىلغان بەزى سەھىھ ھەدىسلەر بۇنى ئىپادە قىلماقتىدۇر.

بۇلار كۆپىنچە ئەھلى بەيتىنىڭ(ئالى بەيتىنىڭ) ئىماملىرى مابەينىدە خۇسۇسىي شەكىلدە نەقىل قىلىنىپ كەلگەن «جەۋشەنۇل كەبىر»دەك بەزى دۇئالار، زىكىرلەر ۋە مۇناجاتلاردۇر. (دىققەت: « سىلەرگە ئىككى نەرسە قويۇپ قويىمەن، بىرى كىتابۇللاھ يەنى قۇرئان ، يەنى بىرى ئالى بەيتىم. » دىكى «رىيازۇس سالىھىن»دىگەن مۇسلىمنىڭ بۇ ھەدىسىگە بىپەرۋالىق قىلماسلىق لازىم.)

مىساللىرىدىن بۇخارىدىكى بىر ھەدىس: ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان« مەن رەسۇلۇللاھتىن(س.ئە.ۋ) ئىككى قاپ(ئىككى تۈرلۈك) ئىلىم ئالدىم. بۇلاردىن بىرسىنى سۆزلىدىم، لېكىن ئىككىنچىسىنى سۆزلىسەم كاللام كېتىدۇ».

بۇ ئىككىنچى خىل ھەدىسنى ئالىملارنىڭ بەزىلىرى« بەزىلىرى قىيامەت ئالامەتلىرى ۋە پىتنىلىرى »، بەزىلىرى « مەخپىي ئىلىملەر » دېگەندۇر. ئەمما مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىستىقبالدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھادىسىلەردۇر دېيىشكەندۇر.

2. ھەمدە ساھابىلارنىڭ ئىچىدە« رەسۇلۇللاھنىڭ سىر كاتىبى»بولغان مەشھۇر ھۇزەيفەتۇل يەمانىيدۇر. (بۇخارى6/171-بەت، 5/31-بەت) دىمەك بۇ

رەسۇلۇللاھنىڭ سىرلىق سۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈردۇ.

3. ھەزرىتى ھۈزەيفە: « مەن خالىسام سىلەرگە رەسۇلۇللاھنىڭ(س.ئە.ۋ) مىڭ ھەدىسىنى نەقىل قىلالايمەن، ئەمما نەقىل قىلىدىغان بولسام مېنى يالغانغا چىقىرىسىلەر» دېگەن.. («مەجما ئۇز زاۋائىد» 1/182 - بەت).

4. يەنە ھەزرىتى ھۈزەيفەدىن نەقىل قىلىنغانكى دېگەن: «رەسۇلۇللاھ(س.ئە.ۋ) ماڭا قىيامەتكە قەدەر ئۆتتۈرىغا چىقىدىغان ھادىسىلەرنى سۆزلىدى» («مۇستەدرەكۇل ھاكىم »4/426 - بەت؛ سەھىھ )

5. ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : « مەن بىلگەن ھەر نەرسىنى سىلەرگە چۈشەندۈرسەم، سىلەردىن بىر تائىپە مەن ئۈچۈن بۇنىڭ يالغانچىلىقىغا قاراڭلار!... دېگەن بولاتتى »

يەنە ئىمام ئەلى دەيدۇكى: «مەن ئەگەر ئەبۇلقاسىم(رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام)نىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر ئاڭلىغىنىمنى سىلەرگە سۆزلەيدىغان بولسام سىلەر مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ دېگەن بولاتتىڭلار:

« ئەلى يالغانچىلارنىڭ ئەڭ يالغانچىسى، پاسىقلارنىڭ ئەڭ پاسىقى !» («تەفسىرى رۇھۇل بايان »4/207 - بەت)

شۇڭلاشقا ئۇممەت ئىچىدە قوبۇل قىلىنىپ كەلگەن مەنىسى مەقبۇل بولغان بەزى دۇئالار ۋە زىكىرلەرنىڭ سىرلىق، خۇسۇسىي مەنبەلىرىنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىغا قارىتا، ئېھتىيات ۋە يۇمشاقلىق بىلەن قاراش، ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ھېچ بولمىسا چېقىلماسلىق لازىملىقىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك.

بىر كىشى ئەگەر ھەدىسنىڭ مەنىسىنى مۇھاپىزەت قىلالىسا باشقا لەفز(سۆزلەر) بىلەن ئىپادە قىلسا زىيىنى يوقتۇر. تۆت مەزھەب ئىمامىمۇ شۇنداق قارىغان.

ئىمام ئەھمەد بىن ھەنبەلدىن كەلگەن شۇ رىۋايەت: ئەگەر بىر ھەدىس كىتاب ۋە سۈننەتكە زىت بولمىسا، بىراق كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ ئۇنىڭغا شاھىتلىقىمۇ بولمىسىمۇ، دەرھال رەت قىلماسلىق لازىم...

ئىمامى ئەھمەدنىڭ نەزىرىدە زەئىپ ھەدىسلەر رەي ۋە قىياستىن ئۇستۇن ئىكەنلىكى قەتئىيدۇر. مۇھەممەد بىن

هازەممۇ: « ھەنەفى ئالىملىرى بىردەك دېيىشكەنكى: ھەنەفى مەزھىپىدە زەئىپ ھەدىسلەر قىياس ۋە رەيدىن ئۈستۈندۇر دېگەن. »

بۇ نۇقتىلار بىلەن بىللە ھەدىسلەرنىڭ مەتىن ۋە مەنىلىرى جەھەتتىن كۆپلىكى ۋە ھەتتا قورشىغلى بولماس دەرىجىدە بولغىنىدەك، بۇ ھەدىسلەرنىڭ نەقىل ۋە راۋىلىرىنىڭمۇ كۆپلىكى قورشىغلى بولمايدىغان دەرىجىدىدۇر.

زۇبەير بىن سائىد ھاشىمى ئىمام زۇھرىنىڭ يېنىدا بىر ھەدىس نەقىل قىلغان. ئىمام زۇھرى: بۇنداق بىر ھەدىس ماڭا يەتمىدى؟

ئۇ زات: رەسۇلۇللاھنىڭ(س.ئە.ۋ) بارلىق ھەدىسى سىزگە يەتكەنمۇ؟

-ياق. -يېرىمىچۇ؟

-بەلكىم.

- ئۇنداق بولسا بۇ ھەدىسنى سىزگە يەتمىگەن ھەدىسلەردىن دەپ بىلىڭ! دېگەن.

..................

قىلىنغان تەنقىدلەر، چېقىلىشلار كۆپىنچە ھەقسىز ۋە ئورۇنسىز ياكى سالاھىيەتسىزچە ۋە ياكى مۇتەئەسسىپلىك بىلەن بولغانلىقىنىڭ بىر قانچە مىسالى:

ئىمام ئىبنى سۇبقى دېگەن: « ئەگەر ھەر كىمنى، ھەر نەرسىنى، ھەدىسكە ئائىت ھەر مەسلىنى پەقەتلا جەرھ(تەنقىد) يولى بىلەن قولغا ئالساق، دائىما جەرھ تەدىلدىن ئۈستۈن دەپ بىلسەك، ئۇ ۋاقىت ھېچبىر ئۆلۈغ ئىمامىمۇ ساغلام قالمايدۇ. چۈنكى ھەر كىم ھەر نەرسە ھەققىدە چېقىلىپ باققان، ئېتىرازلارنى قىلىپ باققان.

مەسىلەن: يەھيا بىن مائىن ئىمامى شافىي ھەققىدە قالايمىقان سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ ھېچبىر قەدىر-قىممەت ئىپادە قىلمىغاندۇر. ئۇممەت پەرۋا قىلمىغاندۇر. چۈنكى ئۇ زات ئىمامى شافىينى بىلمىگەن. دېگەنلىرىنى چۈشەنمىگەندۇر.

مەشھۇردۇركى، ئىنسان بىلمىگەن نەرسىگە دۈشمەندۇر.

ئىمامى مالىك ھەققىدىمۇ ئىبنى ئەبى زىب، ئىبراھىم بىن ساد، ئابدۇلئەزىز بىن سەلەمەدەك بەزىلەر قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى دەپ باققان بولسىمۇ، ھېچبىرسى توغرا

بولمىغان. ئۈممەت رەت قىلىپ كەلگەن. چۈنكى ئۇلار ئىمامى مالىكنى تونۇمىغاندۇر...

تولىمۇ ئەپسۇس بۇ زاماندا تەنقىت ۋە ئىتىراز قىلغۇچىنىڭ سۆزى جەزىملىگۈچىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان، تەتقىقسىز ھالدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر ئىمامنىڭ پىكرى بويىچە مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ زەئىپ دەلىلىنى قۇۋۋەتلىك، باشقىسىنىڭ قۇۋۋەتلىك دەلىلىنى زەئىپ كۆرىدىغان، ، كىچىك پېئىللىقتەك ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا پەرۋاسىز بولغان باشقىلارنى كەمسىتىش ئارقىلىق ئۆز ئۈستۈنلىكىنى نامايەن قىلىشتەك مەسئۇلىيەتسىز ۋە مەنپىي ھېسسىياتلارنىڭ تۈرتكىسىدە ئەھلى سۈننەتنىڭ ھەق ئىماملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانلارنى تەنقىت قىلىدىغان جاھالەتلەر يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئىنشاﷲ يېقىن كېلەچەكتە ھەق تامامى بىلەن قوياشتەك زاھىر بولىدۇ.

ئاخىر زاماننىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ بولاي دەۋاتىدۇ. ئۈممەت 1400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكۈزدى. ھەدىس تەتقىقاتى ھازىرغىچە پەرىشان ئەھۋالدا قېلىپ، بۇ

مەنۋىياتتىن ياتلاشقان ئەسىردىكى ئىنسانلارنىڭ قولىغا قېلىشى ۋە بۇ زامانغىچە ياشىغانلارنىڭ ھەقىقەتتىن خەۋەرسىز ياشاپ ئېزىپ يۈرگەنلىكى ۋە بۇنى تۈزىتىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ يۈرۈش بەك مەنىسىزدۇر، مۇسۇلمان ئەجداتلارنىڭ شەنىگە بىر داغدۇر. تەسلىمىيەت، مەسئۇلىيەت، كىچىك پېئىللىق ھېسلىرى لازىمدۇر.

«(بۇ تېما شەيخ ئابدۇلقادىر بادىللىنىڭ « رىسالەئى نۇرنىڭ مۇقەددەس مەنبەلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.)

## مەزھەب ھەققىدە

مەزھەب- پەيغەمبەر يولىدىن ئايرىم بىر يول ئەمەستۇر. مەزھەب قۇرئان ۋە ھەدىستىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىجتىھاد ئوخشىماسلىقىدىن ئوتتۇرىغا چىققاندۇر. ھەتتا ساھابىلەردىمۇ بۇ خىل پەرقلىق كۆز قاراشلار بولغاندۇر. شەرىئەتنىڭ ئىبادەت ۋە مۇئامىلىلەرگە ئائىت ھۆكۈملىرى چەكلىك، ۋەقەئەلەر ۋە ھادىسىلەر بولسا چەكسىز بولغانلىقتىن دېيىشكە بولىدۇكى، چەكلىك پرىنسىپ ۋە ھۆكۈملەرنى چەكسىز ھادىسىلەرگە تەتبىق قىلىش ئۈچۈن

ئىجتىھاد ۋە قىياسنىڭ زۆرۈرىيلىكى شۈبھىسىز بىر ھەقىقەتتۇر. پۈتۈن ھەق مەزھەبلەر دىنىنىڭ ئاساسلىرىدا ئىتتىپاق قىلىنغاندۇر. ئىبادەت ۋە مۇئامىلىلەردە پەرقلىق ئىجتىھادلاردا بولغاندۇر. مۇسۇلمانلار تارىختىن بېرى بىر ھەق مەزھەبكە ئەگىشىپ كەلگەندۇر. ھەتتا 1400 يىلدىن بېرى چوڭ ئەۋلىيالار، ئۆلىمالار، ئەسفىيالار سۆيىنىپ تۇرۇپ تۆت مەزھەبنىڭ بىرىگە باغلانغان ۋە ئىستىقامەت ۋە نىجاتلىقنى ئۇ مەزھەبلەردە كۆرۈشكەندۇر. بىراق ھېچ سالاھىيتى بولمىغان بەزى بىچارىلەر ئۆزىنىڭ خۇنۇك كۆرۈشلىرىنى چوڭ مۇجتەھىدلەرنىڭ پىكرىدىن ئۈستۈن بىلىپ پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنلىرىنى خېلىلا قالايمىقانلاشتۇردى.

ئاۋام مۇسۇلمانلارمۇ بۇ زاماندا ھارام- ھالالنى پەرق قىلالمايۋاتقان يەردە، ئەلۋەتتە ئۇ ئازغان مەزھەبتىكىلەرنىڭ نامى چىرايلىق بولغان « قۇرئان- ھەدىس كۈپايە » دېگەن دەۋاسىنىڭ قانداق ئارقا كۆرۈنىشكە ئىگە ئىكەنلىكلىرىنى بىلەلمەيدۇ، بىلمەستىن توغرا ئەقىدىدىن ئاسانلا يىراقلىشىدۇ. ھالبۇكى قۇرئان- ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرىش ئاسان بىر مەسىلە بولغان بولسا، ساھابىلەر ئەسىرگە يېقىن

www.uyghurkitap.com



بولغان ئۇ شەرەپلىك ئەسىرلەردىلا خىلمۇ- خىل مەزھەبلەر چىقمىغان بولاتتى ۋە چوڭ زاتلارمۇ قوبۇل كۆرمەي كەلگەن بولاتتى. دېمەك مەزھەبكە ئايرىلىش ئىختىلاپتىن ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجدىن ئوتتۇرىغا چىققاندۇر.

شۇنداق، تۆت مەزھەبنى ئىنكار قىلىپ، « مەزھەپسىزلىك » ئىسمىدىكى باتىل بىر مەزھەبنى قوبۇل قىلىۋاتقانلارنىڭ نەقەدەر خاتالىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۇنچە تەس ئەمەس.

تۆۋەندە بىر مەزھەبكە باغلىنىشنىڭ قەتئىي لازىم ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ بىر ئىلاھى ئەمىر ئىكەنلىكىگە ئائىت دەلىللەرنى (قىسمەن) سۆزلەيمىز. بۇ دەلىللەرنى ھەم ئەقلىي، ھەم نەقلىي دەپ ئىككى ئاساس ئۇستىدە تەتقىق قىلىمىز.

«مەزھەبسىزلىك» مەزھەبدىكىلەرنىڭ كۆپ دەيدىغان سۆزىدىن بىرى: « بىز قۇرئانغا ئەگىشىمىز. قۇرئاندا مەزھەبكە ئەگىشىڭلار دەپ بىر مەسىلە يوق» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قۇرئاننى چۈشىنەلمىگەنلىكىگە بىر دەلىلدۇر. ھالبۇكى قۇرئاندا بىر مەزھەبكە باغلىنىشنى ئەمىر قىلغان كۆپلىگەن ئايەتلەر باردۇر. بىر قىسمىنىڭ تۆۋەندىكى

ئىزاھىدىن ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنىڭ نەقەدەر باتىللىقى چۇشىنىلىدۇ.

قۇرئانى كەرىمدە جانابى اللە مۇنداق دەيدۇ: «**ئەي ئىمان ئېيتقانلار اللەقا ئىتائەت قىلىڭلار. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئۇلۇلئەمرگە ئىتائەت قىلىڭلار.** »

« ئەگەر اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقەتەن ئىشەنگەن بولساڭلار، بىر مەسىلە بويىچە ئىختىلاپلىشىپ قالغان ۋاقتىڭلاردا ئۇنى اللەقا ۋە رەسۇلىغا ئېلىپ بېرىڭلار. بۇ تېخىمۇ ياخشىدۇر. نەتىجە جەھەتتىنمۇ تېخىمۇ گۈزەلدۇر ( نىسا59)»

يۇقىرىقى ئايەتتە ئۆتكەن «ئۇلۇلئەمر» بولسا، ئالىملاردۇر. بۇ مەنە بولسا، قۇرئاننى ئەڭ ياخشى چۇشەنگەن ئىبنى ئاباس، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئىمام مۇجاھىد، ئىمامى ھەسەن، ئىمامى ئاتا ۋە باشقا ئالىملار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغاندۇر. ئىمامى قۇرتۇبىمۇ تەفسىرىدە ئىمامى مالىكنىڭمۇ شۇ قاراشتا ئىكەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئىمامى دەھھاق نەزىرىدە بولسا، ئۇلۇلئەمر-- دىنىنى ئەڭ ياخشى چۇشەنگەن فىقىھ ئالىملىرىدۇر. جالالىددىن

سۈيۈتتىدەك 200مىڭ ھەدىسنى يادلىغان چوڭ بىر ئالىم « ئىتىقاد» ناملىق ئەسىرىدە ئۈلۈلئەمرنىڭ دىن ۋە فىقھ ئالىملىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندۇر.

خۇلاسە، ئىسمىنى دېمىگەن ۋە دەپ بولالمىغان يۈزلەرچە ئۆلىما ئىتائەت قىلىنىشى لازىم بولغان ئۈلۈلئەمرنىڭ دىن ئالىملىرى ئىكەنلىكى بويىچە بىردەك قاراشتىدۇر.

مەزھەبنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ بۇلارغا قارشى سۆزلىرى گۇلدۇرماما ئاۋازىغا نىسبەتەن پاشىنىڭ ئۈنىدەك دەرىجىدە قالمامدۇ؟!

ھەم بىر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىنغان بىر تېمىدا ئۇ پەن ۋە تېخنىكىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ سۆزى ئۆتىدۇ. ئۇ پەن ۋە تېخنىكىدىن بولمىغان باشقا پەن ئەھلى نەقەدەر داھىي بولسىمۇ سۆزىگە ئىتىۋار قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: كىچىك بىر كېسەللىك بويىچە چوڭ بىر ئىنژىنىرنىڭ سۆزىگە قارالمايدۇ. ھەتتا كىچىك بولسىمۇ بىر دوختۇرنىڭ سۆزى ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ. ۋەھاكازا... شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئىبنى ئابباستەك، ئىبنى ئابدۇللاھتەك، ئىمامى مالىكتەك... نۇرغۇن ئۆلىمالار ئورتاق قارىغان بىر مەسىلىنى قانداق قۇۋۋەت چىرىتەلەيدۇ.

قايسى مەزھەبسىزنىڭ ھۆكۈمى ئۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلالايدۇ؟

مادەم مەسلىمىز دىندۇر. بۇ دىندا سۆز ھەققى پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ ماختىشىغا ئىگە بولغان بۇ ئالىملارنىڭدۇر.

يۇقىرىقى ئايەتتە: «بىر مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار اللە ۋە رەسۇلىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دېيىلگەندۇر. بۇ ئايەت « قىياس » نىڭ ھەق ۋە شەرئىي بىر دەلىل ئىكەنلىكىگە بىر دەلىلدۇر. بۇنىڭدىن ئىختىلاپقا چۈشكەن مەسىلىلەرنىڭ بولىشى قۇرئاندا ۋە ھەدىستە جاۋابى ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق بولغان بولسا، ئىختىلاپقا چۈشۈشكە كېرەك قالمايتتى. دېمەك اللە ۋە رەسۇلىنىڭ ئېنىق سۆزلىرىگە قاراپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىياس لازىم بولىدۇ. بۇ قىياسنى كىم قىلىدۇ؟

بىر مىليون ھەدىسنى يادلىغان ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدەك ئالىملارمۇ؟ ياكى يۈز، ئىككى يۈز ھەدىس يادلىۋېلىپ ئىلمىپۇرۇشلۇق قىلغان مەزھەپسىزلەرمۇ؟ ياكى ئىمامى مۇھەممەدتەك بىر ھەپتىدىلا، ئىمامى سائىد ئىبنى

ئۇيەينەدەك تۆت يېشىدىلا قۇرئاننى يادلاپ بولغانلارمۇ؟ ياكى قۇرئاننى پەقەتلا خۇنۇك تەرجىمىلىرىدىن ئوقۇپ ئۆزىنى ئالىم دەپ ئويلىغان نادانلارمۇ؟

ئىمامى شافىي نەزىرىدە پۈتۈن فىقھىچىلارنىڭ ئاتىسى ھۆكمىدىكى ئىمامى ئەئزەملەرمۇ، ياكى فىقھ قائىدىلىرىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، پەقەت گۇمانى بىلەن ھۆكۈم قىلغان نادان جاسارەتلىكلەرمۇ؟

مۇجتەھىد ئالىملاردەك نەچچە يۈزمىڭ ھەدىسنى رىۋايەتچىلىرى بىلەن قوشۇپ يادلىغان، قۇرئاننىڭمۇ تولىمۇ مۇكەممەل ھالدا سىرلىرىنى بىلگەن ئەھلى سۈننەتنىڭ مەزھەب ئىماملىرىغا ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ چوڭ گەپ قىلغانلارنىڭ كاللىسىدا نەچچە ھەدىس بار؟! قانچە ھەدىس راۋىسىنى تونۇيدۇ؟ ھەدىسلەرنىڭ جەرھ ۋە تەدىللىرىنى، ناسىھ ۋە مەنسۇھ(ئەمەلدىن قالغان)لىرىنى، قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىشەمدۇ؟ مەزھەب ئىماملىرى بەكمۇ پىششىق بىلگەن قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ شەرئىي ۋە لۇغەت مەنىلىرىدە، ھەمدە بۇلارنىڭ قىسىملىرى بولغان خۇسۇسىي، ئومۇمىي، مۇشتەرەك، ئوچۇق، كىنايە، ناس، مەخپىي، مۇشكىل، مۇتەشابىھ، داللى بىل ئىبارە، داللى

بىل ئۇقتىزا، داللى بىل ئىشارە، ناسىھ، مەنسۇخ....دېگەندەك مەنىلەردە بۇلار پىششىقمىدۇر؟ پىششىق بىلىش ئەمەس، بۇلارنىڭ مەنىلىرىنى بىلىشەمدۇ؟

شۇنداق تۇرۇقلۇق، قانداق بىر جاسارەت بىلەن ئىجتىھادقا يۈزلىنىدۇ؟ الله رازى بولمىغان بىر ھۆكۈمنى بېرىشتىن قورقمامدۇ؟ چىقارغان ھۆكۈمنىڭ ھەدىسلەرگە، پەيغەمبىرىمىزگە زىت بولۇپ قېلىشىدىن تىترىمەمدۇ؟ بۇنداقلار جاسارەتلىرىنى جاھالەتلىرىدىن ئېلىشماقتا. الله بۇ خىل جاھىل بولۇشتىن، ئۇلارغا ئەگىشىپ قېلىشتىن بىزلەرنى مۇھاپىزەت قىلسۇن.

بىر ئايەتتە: «...ئۇنى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۆزلىرىدىن بولغان ئۇلۇلئەمرگە ئېلىپ بارغان بولسا، ئۇلاردىن نەتىجە چىقىرىشقا كۈچى يەتكەنلەر ئەلبەتتە ئۇنى بىلىشەتتى».:( نىسا83)

«نەتىجە چىقىرىشقا كۈچى يەتكەنلەر» دەپ تەرجىمە قىلغان ئايەتنىڭ مەنىسىدە، بۇ«ئىستىنبات»كەلىمىسى مۇراجىئەت قىلىش لازىم بولغان ئۇلۇلئەمرنىڭ، مۇجتەھىد ئالىملار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ « ئىستىنبات » سۆزىنىڭ ئەسلى « نەبت » بولۇپ، مەنىسى قۇدۇقتىن

تۇنجى چىققان سۇنىڭ ئىسمىدۇر. بىر فىقھى ئالىمنىڭ ئىجتىھاد قىلىپ، قۇرئان، ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرىشى، قىيىنلىقى جەھەتتىن قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىشقا ئوخشىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئىستىنبات دېيىلگەندۇر. «ئۇلاردىن ئىستىنبات قىلغانلار ئەلبەتتە ئۇنى بىلىشەتتى.» دىكى «ئۇلار» دېگەن ئالماش(زامىر) ئۇلۇلئەمرنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىجتىھاتقا دەلىلدۇر. دېمەك بۇ ئايەتتىكى ئىستىنبات ئۇلۇلئەمرنىڭ سۈپىتىدۇر. الله ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىشنى ئەمر قىلغاندۇر.

بۇ ئايەتتە ئۆتكەن مۇراجىئەت قىلىنىدىغان كىشىلەر، يەنى ئۇلۇلئەمر، فەخرەددىن رازىنىڭ تەفسىرىگە كۆرە، ئىلىم ۋە ئىجتىھاد ئىگىسى بولغان ئالىملاردۇر. بۇ مەنىنى ئەسرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ فىقھىچىلىرىدىن ئىبن ئابىدىنمۇ نەقىل قىلغان. بۇ ئايەتتىكى ئىستىنبات خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ئۇلۇلئەمرنىڭ مۇجتەھىد ئالىملار ئىكەنلىكىنى يۈزلەرچە ئۆلىما دېيىشكەندۇر.

فەخرەددىن رازى بۇ ئايەت تۆت مەسىلىگە ،يەنى: « 1 ھۆكۈمى ئېنىق بىلىنمىگەن مەسىلىلەردە ئىستىنبات ۋە ئىجتىھاد قىلىش كېرەكلىكىگە 2.ئىستىنباتنىڭ يەنى

ئجتىهادىنىڭ شەرئي بىر دەلىل ئىكەنلىكىگە. 3 رەسۇلۇللاھنىڭ ئىستىنبات بىلەن ۋەزىپىدار ئىكەنلىكىگە. 4 مۇجتەھىد بولمىغان بىزلەرنىڭ فىقھى ھۆكۈملەردە مۇجتەھىد ئالىملارنى تەقلىد قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. » دېگەندۇر

دېمەك، ئەھلى ئىستىنبات بولغان ئۇلۇلئەمرگە مۇراجىئەت قىلىنىشى لازىم بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار مۇجتەھىد ئالىملاردۇر. بۇنىڭغا ئەھلى سۈننەتنىڭ يۈزلەرچە ئالىملىرى ئىتتىپاق قىلىشقاندۇر. يۈزلەرچە ئالىملارنىڭ ئىچىدە پەقەتلا بىرسىنىڭ پىكرى، ئىستىنبات قىلىشنى بىلمەيدىغان يۈزلەرچىسىنىڭ پىكرىنى چىرىتىشكە يېتەرلىك تۇرسا، (چۈنكى مۇتەخەسسىستۇر) قانداقمۇ ئۇ قەدەر ئىتتىپاقلارغا قارشى ئۇ بىچارىلەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنسۇن !

دېمەك، ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ ئەگىشىشىمىزنى ئايەت بىزلەرگە ئەمر قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا، ئىمامى راببانىيلار، ئىمامى غەززالىلار، ئىمامى سۇيۇتىلار جاسارەت قىلالمىغان ئىجتىھاد مەسىلىسىگە قانداقمۇ جاسارەت قىلىنىدۇ؟!

شۇنداق، جانابى ھەقنىڭ ئىككى خىل ئايىتى باردۇر. بىرى، كەلام سۈپىتىدىن كەلگەن قۇرئاندىكىسى؛ يەنە بىرى، قۇدرەت سۈپىتىدىن كەلگەن يارىتىلىش ئايەتلىرىدۇر. بىر قۇشتىن يۇلتۇزلارغا، كىپىنەكتىن قوياشلارغا قەدەر ھەممە نەرسە كائىنات كىتابىنىڭ بىردىن ئايىتىدۇر. ئىككىنچى كىتاپنى دەل مەنىسى بىلەن تەتقىق قىلمىغانلار چۈشىنەلمەيمىز. بۇ جەھەتتە ئۇ يولدىكى كەسىپ ئەھلىدىن سورايمىز. ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلغۇمىز كەلسە، ئاسترونومىيە ئالىملىرىدىن سورايمىز. تېلىسكوپنى قولىمىزغا ئېلىپ مەسىلە چۈشىنىشكە كىرىشمەيمىز. دېڭىزدىكى ھايۋاناتلار ۋە سىرلار ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلەردىن سورايمىز. غەۋۋاس كىيىمنى كىيىپ سۇغا شۇڭغۇمايمىز. فىزىكىغا، خىمىيەگە ئائىت ئىلىملەردىمۇ مۇتەخەسسىسلىرىدىن سورايمىز... شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىرىنچى كىتابنىڭ ئايەتلىرى ئۈچۈنمۇ چوڭقۇر مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەردىن سورىشىمىز لازىم. بولمىسا، ئىككىنچى كىتاب بويىچە مۇتەخەسسىسىز خاتا ھۆكۈملەرگە دۇچار بولغىنىمىزدەك، بىرىنچى كىتابتىمۇ شۇنداق خاتالىشىپ قالىمىز. بىر

www.uyghurkitap.com

بئولوگىيە تەتقىقاتچىسىمۇ « كۆز » دېسە، بىزمۇ « كۆز » دېسەك، بىر كۆز ھەققىدىكى مەلۇمات ۋە سىرلار بويىچە ئەلۋەتتە ھۆكۈم ئاسمان- زېمىن پەرقلىنىدۇ.

دۇنيادا ئەڭ كىچىك ئىشتىمۇ بىلگەندىن، ئىشنىڭ ئەھلىدىن سوراشنى ئۇنۇتمىغان ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىي ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دىنىدەك چوڭ ئىشلىرى بويىچە، ئالىم، مۇجتەھىدلەردىن سوراشنى ئەقلىگە ئانچە سىغدۇرالماي، باشباشتاقلىق قىلىشىنىڭ نەقەدەر ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھەركىم چۈشىنىشى لازىم.

«تۆت مەزھەب ئىماملىرىمۇ قۇرئان، ھەدىستىن مەنە چىقارغان، قۇرئان ،ھەدىسلەردىن مەنمۇ چىقىرالايمەن. » دېگەن كىشىدىن سوراش لازىم: پۈتۈن دورىگەرلەر دورىنى ئۆسۈملۈكلەردىن ياسىغان دەپ، كېسەللىك ئۈچۈن تاغلارغا يامىشىش ئەقىللىق ئىنساننىڭ ئىشىمۇ؟ توغرا، دورىلار ئۆسۈملۈكلەردىن ياسالغان. ئەمما دورا ياساش ئۈچۈن يىللارچە تىبابەت ۋە خىمىيە ئوقۇش لازىم. بۇلارنى بىلمىسە، زىيانلىق بىر نەرسە چىقىرىپ قېلىشى ئېنىق. بىزمۇ مەنىۋى دورىلىرىمىز بولغان قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ھۆكۈملەرنى مۇجتەھىدلەردىن ئېلىشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ياكى فىزىكا جەھەتتە بىر ئادەم، « مەن فىزىكا قانۇنلىرىنى ئۆزۈم تۈزۈپ چىقىمەن، ئېينىشتىيىنلەرگە ئېھتىياجىم يوق، ئۇلارمۇ مەندەك ئىنسان، ئۇمۇ ھېساب ۋە رەقەم قوللانغان، مەنمۇ ئوخشاش ھېساب ۋە رەقەملەرنى بىلىمەن» دېسە، ئوخشاش يېرى ھەقىقەتەن بار. ئۇمۇ ئىنسان، ئۇمۇ ھېساب ۋە رەقەم قوللانغان. ئەمما خاتا يېرى بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېينىشتىيىننىڭ ئورنىغا قويىشىدۇر. ئېينىشتىيىن بولۇش ئاسان بولسا، مىليونلارچە ئېينىشتىيىنلار ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسا بولاتتى. چۈنكى قوللانغان نەرسىلىرى ھەركىمنىڭ ئالدىدا.(دېمەك تەس.)

مەسىلە قۇرئان ۋە ھەدىس ئوقۇشتا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن قانۇنىيەتلىك ۋە ئېھتىياتلىق ھالدا، مەسئۇلىيەت ۋە نەتىجىلىرىنى بىلىپ توغرا ھۆكۈم چىقىرىشتۇر. بۇ ئالاھىدە ئەھۋاللارمۇ مۇجتەھىدلەرگە بېرىلگەندۇر. بىز فىقھى ئالىملىرى بولىشىمىز مۇمكىن، بىراق ھەرگىزمۇ ئىمامى ئەئزەم بولالمايمىز.

مەنمۇ ئالىم دېگەن بىلەن، ماھىيەت جەھەتتە كىشىلەر خىلمۇ- خىل بولىدۇ. بىر ئەينەكمۇ قۇياشنى كۆرسىتىدۇ، بىر دېڭىزمۇ كۆرسىتىدۇ. بىر چۈنىمۇ ئۇچىدۇ، بىر بۈركۈتمۇ

ئۇچىدۇ. بىر بۇغدايمۇ ئۇنۇپ چىقىدۇ، بىر قارىغايمۇ. بىراق چىۋىن نەدە، بۈركۈت نەدە؟ ھەر ئىككى ئىنساندىكىسى ئىلىمدۇر، ئەمما ماھىيىتى پەرقلىقتۇر .

باشلانغۇچتىمۇ تىرىشىپ بىلىم ئوقۇلىدۇ، ئۇنىۋېرسىتېتتىمۇ ئوقۇلىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتتا دوكتور چىقىدۇ. ئەمما باشلانغۇچتا چىقمايدۇ. ماتېرىيالىزم پىكرى بىلەن مەنىۋىيات بۇلغانغان بۇ ئەسىر باشلانغۇچ سەۋىيەدە بولسا، ئىمامى ئەئزەملەرنىڭ ئەسرى دىن ئىلمى نۇقتىسىدا ئۇنىۋېرسىتېت ھۆكمىدىدۇر. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىن مۇجتەھىد چىقىدۇ. ئەمما بۇ باشلانغۇچتىن چىقمايدۇ.

دېمەك، مۇتەخەسسىسنىڭ ھەر تېمىدا رەھبەر ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم. دىندىكى مۇتەخەسسىسلەر بولسا مۇجتەھىدلەردۇر. (بۇ تېما سەيرانگاھ تور بېكىتىدىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.) »

« تۆت مەزھەب ئىمامىنىڭ پەزىلەتلىرىگە ئائىت بىر قانچە نەمۇنە خاراكتېرلىك سۆز:

ئىمامى شافىي: «شەرقتە، غەرپتە، كۇفەدە ئىمامى ئەئزەمنىڭ تەگدىشى يوقتۇر، اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! دېگەن. »

ئىمامى ئەئزەم: « زەن بىلەن (ئۆزىنىڭمۇ مۇكەممەل ئىشەنجىسى يوق هالدا ) سۆزلىگەن ۋە ئۇ بويىچە ئەمەل قىلغان ئادەمگە هەيرانمەن! » دېگەن.

سۇفيان بىن ئۇيەينە تەسىرلىك بىر هەدىسنى نەقىل قىلغاندا، ئىمامى شافىي بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىدىن هۇشىدىن كېتىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى پەرەز بىلەن سۆزلىگەندە، هەزرىتى سۇفيان(بۇ زاتمۇ مەزهەب ئىمامىدۇر.) : « ئۇ ئۆلگەن بولسا زامانىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك ئىنسانى ئۆلگەندۇر» دېگەن. يەنە بىر قېتىممۇ بىر ئايەت ئوقۇغىنىدا هۇشىدىن كەتكەنىدى.

ئىمامى شافىي: « غايەم مەندىن دەپ كۆرۈلمەستىن بىلگەنلىرىمنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئىدى» دەيدۇ ۋە يەنە دېگەن:

«ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇنازىرىلىرىمدە، هەقىقەتنىڭ مېنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ تىلىدىن چىقىشىنى هېچ ئېتىبارغا ئالمىدىم. كىم بىلەن سۆزلەشكەن بولسام، ئۇنىڭ مۇۋەپپەق بولىشىنى، قوۋۋەتلىنىشىنى، ياردەم كۆرىشىنى ۋە اللهنىڭ ئۇنى مۇهاپىزەت قىلىشىنى خالىدىم. »

بىر مىليون ھەدىس يادقا ئالغان ئىمامى ئەھمەد ھەنبەل دەيدۇ:

« شافىي دۇنياغا نىسبەتەن قوياش،ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئافىيەت(سالامەتلىك) كە ئوخشاشتۇر. »

ئىمامى مالىك بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغان ۋاقىتتا، تاھارەت ئالاتتى، ساقىلىنى تارايتتى، ئەتىر سۇرەتتى، تەمكىنلىك ئىچىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاندىن سۆزلەيتتى. بۇنى كۆرگەنلەر سەۋەبىنى سورىغىنىدا جاۋابەن: « پەيغەمبەرىمىزنىڭ(س.ئە.ۋ) مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان قىممەتلىك سۆزلەرگە ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر دېگەن».

ئىمامى شافىي: «ئىمامى مالىك قەدەر مەن مىننەتدار بولغان ھېچكىم يوقتۇر» دېگەن.

ئىمامى ئەھمەد دەيدۇ: « ئىنسانلارنىڭ ئەخمەق سىنىپى، ماختىلىشلىرىدىن سۆيىنىدىغان كىشىلەردۇر. (ئىمامى غەزەلى » ئەسەرلىرىدىن)

ئەزىز قېرىنداش! بۇ دىن پەزىلەت دىنىدۇر، بۇ دىن كىچىك پېئىللىق دىنىدۇر، بۇ دىن كىبىرگە، ھەسەتكە غايەت دەرىجىدە زىتتۇر. شۇڭلاشقا يۇقىرىدىكى ئىماملاردەكلا

تارىختا كېلىپ ئۆتكەن چوڭ زاتلار ئۆزىدىن بۇرۇنقى چوڭلارغا ئىھتىرام ۋە ھۆرمەتتە بەكمۇ تەۋازۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقانلىرىنى ئويلىساق، بۇ زاماندىكى بەزى ئۆزىنى ئىلىم ئەھلى كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز .

بۇ مەنىۋى كىرىزىسلارنىڭمۇ ئاساسلىق مەنبەسىنىڭ ئىمانسىزلىق ۋە ئىمان زەئىپلىك ئىكەنلىكىنى اللهنىڭ ئىنايىتى بىلەن تونۇغان بىزلەر بىر بۈيۈك زاتنىڭ : « ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپقا سەۋەپ بولغان كىچىك مەسىلىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ ئورتاق ئىھتىياجى بولغان ئىمان مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن ھاياتىمنى بېغىشلىدىم. » دېگەن سۆزىنى غايەت دەرىجىدە قوللاپ، ئۇ بويىچە ياشاشقا چۈمۈلە قۇۋۋىتى مىقتارىچە بولسىمۇ تىرىشىپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، بۇ ئاخىر زاماندا موللىنىڭ قىسلىغىدا موللا ھۆكمىدە كۆرۈنۈپ جار سېلىۋاتقانلارنىڭ تەسىرىدە ئاۋاملارنىڭ ئالدانماسلىقى، ئىھتىياتچان بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى توغرا تاپتۇق. بىراق خاتا چۈشىنىلىپ سۆزلىرىمىزدىن مەقسىتىمىزنىڭ ھەدىس ئىلمىگە پەقەتلا ئەھمىيەت

بەرمەسلىك دېگەن مەنە چۈشىنىلىپ قالمىسۇن. ئەھلى سۈننەتنىڭ داھى ئىماملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا چوڭ ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بۇ تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بەزىلەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرى چىقىپ، بۇ مەسىلىنى بۇ زاماننىڭ ئىنسانلىرىغا تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزاھ قىلسا ئەلۋەتتە مىڭ جان بىلەن سۆيىلىدىغان ئىشتۇر.

جانابى اللّٰه ھەقىقىي مۆئمىنىنىڭ قانداق سۈپەتى بولغان بولسا بىزلەرگىمۇ ئاتا قىلسۇن! گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلسۇن! ئىنسى- جىننى شەيتانلارنىڭ شەررىدىن ساقلىسۇن! سۈننەتى سەنىيە بويىچە ئىستىقامەتلىك ھايات نېسىپ قىلسۇن! پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى ۋە ماددى پالاكەتچىلىكلىرىنى دەپئى قىلىۋەتسۇن! ئامىن !

تۆۋەندە ئەسرىمىزنىڭ بۈيۈك ئۆلىماسى بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى ھەزرەتلىرىنىڭ «ئىجتىھاد» قا ئائىت بەزى بايانلىرى بىلەن ئەسرىمىزنى تاماملايمىز :

## يىگىرمە يەتتىنچى سۆز ئىجتىھاد رىسالىسى

بۇ ئىجتىھاد رىسالىسى بەش- ئالتە يىل ئىلگىرى مەن ئەرەپچە بىر رىسالىدە يازغان ئىجتىھادقا دائىر بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇ مەسىلە بويىچە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەددىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىككى قېرىندىشىمنىڭ ئارزۇسى بىلەن يەنە يېزىلدى .

ئىجتىھاد ئىشىكى ئوچۇقتۇر. لېكىن بۇ زاماندا ئۇنىڭغا كىرىشكە «ئالتە توسقۇنلۇق » بار.

**بىرىنچىسى:** قىشتا، بوران- چاپقۇنلار شىددەتلىك بولغان ۋاقىتتا تار تۆشۈكلەرمۇ ئېتىلىدۇ. يېڭى ئىشىكلەرنى ئېچىش، ھېچبىر جەھەتتە ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. ھەم چوڭ بىر كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىدا، رېمونت ئۈچۈن تاملاردىن تۆشۈكلەرنى ئېچىش غەرق بولۇشقا سەۋەبتۇر. دەل شۇنىڭدەك گۇناھلار قاپلىغان زاماندا ۋە ئەجنەبىي ئادەتلىرىنىڭ يامرىغان ۋاقتىدا، بىدئەتلەرنىڭ كۆپەيگەن دەۋرىدە ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى ۋاقتىدا ئىجتىھاد نامى بىلەن ئىسلامىيەت قەسرىدىن يېڭى ئىشىكلەرنى، تاملىرىدىن بۇزغۇنچىلارنىڭ كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان تۆشۈكلەرنى ئېچىش ئىسلامىيەتكە بولغان جىنايەتتۇر.

**ئىككىنچىسى**: دىنىنىڭ زەرۇرىييات* قىسمىغا ئىجتىھاد كىرەلمەيدۇ. چۈنكى قەتئىيدۇر، ئېنىقتۇر. ھەم ئۇ زەرۇرىيات غىزا ۋە قۇۋۋەت ھۆكمىدىدۇر. بۇ زاماندا تەرك قىلىنىشقا ئۇچراۋاتىدۇ ۋە تەۋرىنىش ئىچىدىدۇر. پۈتۈن قۇۋۋەت ۋە غەيرەتنى ئۇلارنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە مۇقىملاشتۇرۇشقا سەرپ قىلىش لازىم تۇرسا، ئىسلامىيەتنىڭ نازارىييات** قىسمىدا ۋە سەلەفى سالىھىنىنىڭ*** ساپ ۋە خالىس بولغان، پۈتۈن زامانلارنىڭ ئېھتىياجىغا تار كەلمىگەن پىكىرلىرى بار تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى تاشلاپ، ھەۋەسكارانە يېڭى ئىجتىھادلارنى قىلىش بىدئەتكارانە بىر خىيانەتتۇر.

**ئۈچىنچىسى**: بازاردا پەسىللەرگە قارىتا، بىردىن تاۋار مەرغۇب (مودا) بولىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتا بىرەر مالنىڭ بازىرى چىقىدۇ. شۇنىڭدەك ئالەم كۆرگەزمىخانىسىدا، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھايات بازىرىدا، ھەر ئەسىردە بىردىن مال مەرغۇب بولىدۇ ۋە راۋاج تاپىدۇ. بازاردا ئېلان قىلىنىپ سېتىلىدۇ. ئارزۇلار ئۇنىڭغا جەلپ بولىدۇ، نەزەرلەر ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ، پىكىرلەر ئۇنىڭغا باغلىنىدۇ. مەسىلەن: شۇ زاماندا سىياسەت تاۋىرى، دۇنيا ھاياتىنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە پەلسەپىنىڭ راۋاج تاپقىنىدەك ...

سەلەفى سالىھىن ئەسىردە ۋە ئۇ زامانىنىڭ بازىرىدا ئەڭ مەرغۇب تاۋار، ساماۋات ۋە زېمىنىنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ رازىلىقىنى ۋە بىزدىن خالىغان ئارزۇلىرىنى كالامىدىن چىقىرىش، ھەممە پەيغەمبەرلىك ۋە قۇرئان نۇرى بىلەن ئىتىلمىگىدەك دەرىجىدە ئېچىلغان ئاخىرەت ئالىمىدىكى ئەبەدىي سائادەتنى قازاندۇرىدىغان ۋاستىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى

*زەرۇرىيات: ئىمان ئېيتىش زۆرۈر بولغان دىنىنىڭ ئاساسلىرى، دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكۈملىرى.

**نازارىييات: توغرىلىقى ئىسپات قىلىنمىغان ئىلمىي پىكىرلەر، مۇنازىرىلىك چۈشەنچىلەر.

***سەلەفى سالىھىن: ساھابە، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن تابىئىن ۋە ئۇلاردىنمۇ كېيىن كەلگەن تەبەئى تابىئىنلارنىڭ ئۆلىمالىرى. ئەھلى سۈننەتنىڭ دەسلەپكى رەھبەرلىرى

4 - ئۇ زاماندا زېھىنلەر، قەلبلەر ۋە روھلار پۈتۈن قۇۋۋەتلىرى بىلەن يەر ۋە كۆكلەرنىڭ رەببىنىڭ رازىلىقىنى چۈشىنىشكە يۈزلەنگەن بولغانلىقتىن، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى سۆھبەتلىرى، مۇئامىلىلىرى، ۋەقە ۋە

ئەھۋاللىرى ئۇنىڭغا يۈزلىنەتتى. ئۇنىڭغا قارىتا جەريان قىلغانلىقتىن ھەركىمنىڭ ياخشى بىر قابىلىيىتى بولغان بولسا، ئۇنىڭ قەلبى ۋە تەبىئىتى ئىختىيارسىز ھالدا ھەر نەرسىدىن بىر مەرىپەت دەرسى ئالاتتى. ئۇ زاماندا جەريان قىلغان ئەھۋال، ۋەقە، مۇنازىرىلەردىن ئىلىم ئالاتتى. گويا ھەر بىر شەيئى ئۇنىڭغا مۇئەللىم ھۆكمىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ فىترات(خاراكتىر) ۋە ئىستىداتىغا ئىجتىھاد ئۇچۇن ئۇل بولىدىغان قابىلىيەتلەرنى سىڭدۈرەتتى. ھەتتا ئۇ فىترى (تەبىئى) دەرس شۇ دەرىجىدە نۇرلاندۇراتتىكى، تىرىشىش بولماستىنلا ئىجتىھادقا قابىلىيىتى بولىدىغان، ئوت ياقماستىنلا نۇرلىنىدىغان ھالەتكە يېقىنلىشىپ قالاتتى... دېمەك، ئۇ تەرىقىدە فىترى دەرس ئالغان بىر قابىلىيەت ئىگىسى ئىجتىھاد ئۇچۇن تىرىشىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، سەرەڭگە ھۆكمىگە ئۆتكەن قابىلىيىتى ‹نۇرۇن ئەلا نۇر › (نۇر ئۈستىگە نۇر) سىرىغا ئىگە بولۇپ، تېز ۋە ئازلا بىر زاماندا مۇجتەھىد بولاتتى.

5- ئەمما بۇ زاماندا بولسا، ياۋروپا مەدىنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ھۇجۇمى ۋە دۇنياۋى ھايات شارائىتلىرىنىڭ ئېغىرلىشىشى سەۋەبلىك،

uyghurkitap.com

پكىر ۋە قەلبلەر چېچىلغان، ھامىيەت (تۆمۈپكارلىق) ۋە ياردەم ھېسلىرى بۆلۈنگەن، زېھنلەر مەنئۇۋىياتقا قارىتا ياتلاشقان. مانا بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ زاماندا بىرسىدە تۆت يېشىدا قۇرئاننى يادقا ئېلىپ، ئالىملار بىلەن سۆھبەتلەشكەن سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە دېگەن مۇجتەھىد زاتنىڭ ئەقلى بار دېيىلسە، سۇفياننىڭ ئىجتىھاد قابىلىيىتىنى قازىنىشقا كەتكەن ۋاقتتىن ئون ھەسسىدىن تېخىمۇ كۆپ ۋاقتقا مۇھتاجدۇر. سۇفيان ئون يىلدا ئۇ قابىلىيەتنى ئىگىلىگەن بولسا، بۇ زاماندا ئۇ ئادەم ئۇ نەتىجىنى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن يۈز يىل كېتىدۇ . چۈنكى سۇفياننىڭ فىترى شەكىلدىكى ئىلىم تەھسىلىگە باشلىغان ۋاقتى توغرا- خاتانى پەرق قىلىش ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ. ئۇستىداتى ئاستا- ئاستا تەييارلىنىدۇ، نۇرلىنىدۇ، ھەر نەرسىدىن دەرس ئالىدۇ. سەرەڭگە ھۆكمىگە ئۆتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوخشىشى بۇ زاماندا زېھنى پەلسەپىگە شۇڭغىغان، ئەقلى سىياسەتكە چۆككەن، قەلبى دۇنيا ھاياتى بىلەن گاللۋاگلاشقان بولغانلىقتىن، قابىلىيىتى ئىجتىھادتىن يىراقلاشقان. ئەلۋەتتە پەلسەپىۋى پەنلەرگە شۇڭغۇش نىسبىتىدە ئىستىداتى شەرئىي مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىشتىن ئۇزاقلاشقان ۋە ئەرزىي

(زېمىنچە، ساماۋى بولمىغان) ئىلىملەردە تەرەققى قىلىش دەرىجىسىدە ئىجتىھاد قابىلىيىتىنى قوبۇل قىلىشتىن كېيىن قالغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «مەنمۇ ئۇنىڭدەك ئەقىللىق، نېمىشقا ئۇنىڭغا يىتىشەلمەيدىكەنمەن؟» دىيەلمەيدۇ. دېيىشكە ھەققى يوقتۇر ۋە يىتىشەلمەيدۇ .

**ئالتىنچىسى:** سەلەفى سالىھىنىنىڭ بۈيۈك مۇجتەھىدلىرى نۇر ئەسرى ۋە ھەقىقەت ئەسرى بولغان سائادەت ئەسرىگە يېقىن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ساپ بىر نۇر ئېلىپ، خالىس بىر ئىجتىھاد قىلالايتتى. بۇ زاماندىكى ئىجتىھاد ئەھلى بولسا ئۇ قەدەر كۆپ پەردىلەر ئارقىسىدا ۋە ئۇزاق مۇساپىدە تۇرۇپ ھەقىقەت كىتابىغا قارايدۇكى، ئەڭ ئوچۇق بىر ھەرپىنىمۇ تەستە كۆرەلەيدۇ.

ئەگەر دېسەڭ: ساھابىلەرمۇ ئىنساندۇر، خاتادىن ۋە قۇسۇردىن خالى بولالمايدۇ. ھالبۇكى ئىجتىھادنىڭ ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئاساسى ساھابىلەرنىڭ ئادالىتى ۋە توغرىلىقىدۇركى، ھەتتا ئۈممەت: « ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ئادىلدۇر ۋە توغرا سۆزلۈكتۇر. » دەپ بىرلىككە كەلگەن. (قانداق چۈشىنىمىز؟)

ئەلجاۋاب: ساھابىلەر مۇتلەق كۆپ سانلىق بىلەن ھەممىسى ھەققە ئاشىق، توغرىلىقنى سۆيگەن، ئادالەتنى ياقىلىغۇچىلاردۇر. چۈنكى يالغاننىڭ ۋە ساختىلىقنىڭ يىرگىنچلىكى پۈتۈن يىرگىنچلىكى بىلەن، توغرىلىقنىڭ ۋە سادىقلىقنىڭ گۈزەللىكى پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن ئۇ ئەسىردە شۇنداق بىر يوسۇندا كۆرۈنگەنكى، ئوتتۇرىلىرىدىكى مۇساپە ئەرشتىن تا پەرشكە قەدەر ئېچىلغانىدى. ئەسفەلى سافىلىندىكى يالغانچى مۇسەيلىمەئى كاززاپنىڭ دەرىجىسىدىن ئالايى ئىللىيىندە بولغان ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە قەدەر بىر ئايرىلىش كۆرۈلگەنىدى. شۇنداق، مۇسەيلىمەنى ئەسفەلى سافىلىنگە چۈشۈرگەن يالغانچىلىق بولغىنىدەك، مۇھەممەدۇل ئەمىن ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنى ئالايى ئىللىيىنگە چىقارغان سىدقتۇر، توغرىلىقتۇر .

دېمەك، يۈكسەك ھېسلارنى ئېلىپ يۈرگەن، گۈزەل ئەخلاقلارغا ھېرىسمەن بولغان ۋە پەيغەمبەرلىك قۇياشىنىڭ سۆھبەت نۇرى بىلەن نۇرلانغان ساھابىلەرنىڭ، ئۇ دەرىجىدە يىرگىنچ ۋە پەسلىككە سەۋەب بولغان ۋە مۇسەيلىمەنىڭ مەسخىرىلىك ساختا دۇككىنىدىكى يالغانچىلىققا ئىختىيارى

بلەن قوللىرنى ئۇزاتماسلىقى ۋە كۇفۇردىن ئۆزنى قاچۇرغاندەك، يالغاندىنمۇ قېچىشلىرى؛ ھەمدە ئۇ دەرىجىدە گۆزەل، پەخىرلىنىلىدىغان ۋە ئىپتىخار سەۋەبى بولغان، سائادەت ۋە تەرەققىيات مىراجى ھۆكمىدىكى ۋە پەيغەمبەرلىك پەخرىنىڭ ئالى خەزىنىسىدە ئەڭ قىممەتدار بولغان، شۇنداقلا ھەشەمەتلىك جامالى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى نۇرلاندۇرغان سىدقىقا، توغرىلىققا ۋە ھەققە (بولۇپمۇ شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ رىۋايەت ۋە تەبلىغ قىلىنىشىدا) ئەلۋەتتە قوللىرىدىن كەلگىنىچە قىزىققان، ئىنتائەتچان ۋە ئاشىق بولۇشلىرى قەتئىيدۇر، زۆرۈردۇر، شۈبھىسىزدۇر.

ھالبۇكى بۇ زاماندا توغرىلىق ۋە يالغانىڭ ئارىسى شۇنچىلىك يېقىنلاشقانكى، خۇددى مۇرىنى مۇرىگە تىرىگەندۇر. توغرىدىن يالغانغا بەك ئاسان ئۆتۈلمەكتە. ھەتتا سىياسەت تەشۋىقاتلىرى بىلەن يالغانچىلىق، توغرىلىقتىن ئۈستۈن كۆرۈلمەكتە. ئەڭ چىركىن نەرسە، ئەڭ گۆزەل نەرسە بىلەن بىر دۇككاندا ئوخشاش باھادا سېتىلسا، ئەلۋەتتە ئەڭ ئالى بولغان ۋە ھەقىقەت جەۋھىرىگە

باردىغان توغرىلىق ۋە ھەق مەرۋايىتى، ئۇ دۇككانچىنىڭ مەرىپىتىگە ۋە سۆزىگە ئىشىنىپ، قارىغۇلارچە ئېلىنمايدۇ.

* * *

خاتىمە

ئەسىرلەرگە قارىتا شەرىئەتلەر ئۆزگىرىدۇ. بەلكى بىر ئەسىردە قەۋملەرگە قارىتا ئايرىم- ئايرىم شەرىئەتلەر، باشقا- باشقا پەيغەمبەرلەر كېلىشى مۇمكىن ئىدى ۋە كەلگەن. خاتەمۇل ئەنبىيادىن (پەيغەمبىرىمىزدىن) كېيىن ئۇنىڭ بۈيۈك شەرىئىتى ھەر ئەسىردە، ھەر قەۋمگە يېتەرلىك بولغانلىقتىن، تۈرلۈك شەرىئەتلەرگە ئېھتىياج قالمىغاندۇر. لېكىن تەفەررۇئاتتا (ئۇششاق مەسىلىلەردە) قىسمەن ئايرىم- ئايرىم مەزھەبلەرگە ئېھتىياج قالغان. پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن كىيىملەر ئالمىشىدۇ. مىجەزلەرگە قارىتا دورىلار ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەسىرلەرگە قارىتا شەرىئەتلەر ئالمىشىدۇ. مىللەتلەرنىڭ خاسلىقلىرىغا قارىتا ھۆكۈملەر ئالمىشىدۇ. چۈنكى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ تەفەررۇئات قىسمى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋلىغا قارايدۇ، ئۇنىڭغا قارىتا كېلىدۇ، دورا بولىدۇ. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ۋاقتىدا ئىنسانىيەت تەبقىلىرى بىر- بىرىدىن كۆپ ئۇزاق ۋە مىجەز-

خۇلقى بىر قەدەر قوپال ۋە قاتتىق، ھەمدە پىكىر جەھەتتە ئىپتىدائىي ۋە بەدەۋىيلىككە يېقىن بولغانلىقتىن، ئۇ زاماندىكى شەرىئەتلەر ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىغا مۇۋاپىق بىر شەكىلدە ئايرىم- ئايرىم كەلگەن. ھەتتا بىر قىتئەدە، بىر ئەسىردە ئايرىم- ئايرىم پەيغەمبەرلەر ۋە شەرىئەتلەر بولغان. كېيىن ئاخىرزامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىشى بىلەن، ئىنسانلار گويا باشلانغۇچ سەۋىيەدىن ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە تەرەققى قىلغانلىقتىن، كۆپلىگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە ئارىلىششلار نەتىجىسىدە ئىنسانىيەت قەۋملىرى بىرلا دەرسنى ئالسا بولىدىغان، بىرلا مۇئەللىمنى ئاڭلىسا بولىدىغان، بىرلا شەرىئەت بىلەن ئەمەل قىلسا بولىدىغان ۋەزىيەتكە كەلگەنلىكتىن، ئايرىم شەرىئەتلەرگە ئېھتىياج قالمىغاندۇر، باشقا- باشقا مۇئەللىملەرگىمۇ ھاجەت چۈشمىگەندۇر. لېكىن تامامەن بىر سەۋىيەگە كەلمىگەنلىكتىن ۋە بىر خىللا ئىجتىمائىي ھايات تەرىقىسىدە بولمىغانلىقتىن، تۈرلۈك مەزھەپلەر شەكىللەنگەن. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىر ئالى مەكتەپنىڭ تالىپلىرىدەك، بىر خىل ئىجتىمائىي ھايات شەكلى كىيسە، بىر سەۋىيەگە كەلسە، ئۇ ۋاقىت مەزھەپلەر بىرلەشتۈرۈلسە

بولىدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ بۇ ئەھۋالى ئۇ ھالغا يول قويمايدۇ، شۇڭا مەزھەپلەرمۇ بىر بولمايدۇ.

ئەگەر دېسەڭ: ھەق دېگەن بىر بولىدۇ، قانداقمۇ بۇنداق تۆت ياكى ئون ئىككى مەزھەپنىڭ ئوخشىمىغان ئەھكاملىرى ھەق بولىدۇ؟ ئەلجاۋاب: بىر سۈننىڭ مىجەزى ئوخشىمىغان بەش خىل كىسەلگە بەش تۈرلۈك ھۆكۈمى بولىدۇ. بىرسىگە كىسەللىكىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا سۇ دورىدۇر، تېببىي جەھەتتىن ۋاجىپتۇر. باشقا بىرسىگە كىسەللىكى ئۈچۈن زەھەردەك زىيانلىقتۇر، تېببىي جەھەتتىن ھارامدۇر. يەنە بىرسىگە ئاز زىيان بېرىدۇ، تېببىي جەھەتتىن ئۇنىڭغا مەكرۇھدۇر. يەنە بىرسىگە زىيانسىز مەنپەئەتلىكتۇر، تېببىي جەھەتتىن سۈننەتتۇر. يەنە بىرسىگە زىيانلىقمۇ ئەمەس، پايدىلىقمۇ ئەمەس، خاتىرجەم ئىچسۇن، تېببىي جەھەتتىن ئۇنىڭغا مۇباھتۇر. دېمەك، ھەق بۇ يەردە كۆپ خىللاشتى، بەشلىسى ھەقتۇر. ئەمدى سەن: سۇ پەقەتلا دورىدۇر، پەقەتلا ۋاجىپتۇر، باشقا ھۆكۈمى يوقتۇر. دېيەلەمسەن؟

دەل بۇنىڭغا ئوخشاش ئىلاھىي ئەھكام، ئىلاھىي ھىكمەتنىڭ تۈرتكىسىدە مەزھەپلەرگە ئەگەشكەنلەرگە قارىتا

ئۆزگۆرىدۇ. ھەمدە ھەق بولۇپ (توغرا شەكىلدە) ئۆزگۆرىدۇ، ھەر قايسىسى ھەق بولىدۇ، ھىكمەت بولىدۇ. (سۆزلەر مەجمۇئەسىدىن)

***

« ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپى رەھمەتتۇر. » دېگەن ھەدىستە ئېيتىلغان ئىختىلاپ بولسا، مۇسبەت ئىختىلاپتۇر. ھەر بىرى ئۆز مەسلىكىنىڭ (يولىنىڭ) قۇرۇلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. باشقىسىنىڭ يولىنى بۇزۇش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭمۇ مۈكەممەللىشىشى ۋە تۈزىلىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. مەنپى ئىختىلاپ بولسا، غەرەزكارانە، ئاداۋەتكارانە بىر- بىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىشتۇر. ھەدىس بويىچە بۇ مەقبۇل ئەمەس. چۈنكى بىر- بىرى بىلەن ئۇرۇشقانلار مۇسبەت ھەرىكەت قىلالمايدۇ.

(قېرىنداشلىق رىسالىسىدىن)

***